2



# ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەمسىللىرى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى




ISBN 978-7-228-09836-1

9 787228 098361 >

定价：20.00 元

2

# ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەمسىللىرى

«ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى»
تەھرىر ھەيئىتى نەشرگە تەييارلىغان

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

维吾尔民间谚语. 下/《维吾尔民间文学大典》编委会编. - 乌鲁木齐：新疆人民出版社，2006.2(2007.3重印)
(维吾尔民间文学大典)
ISBN 978-7-228-09836-1

Ⅰ.维... Ⅱ.维...Ⅲ.维吾尔族-谚语-作品集-中国-维吾尔语（中国少数民族语言）
Ⅳ.I277.7

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2006)第010493号

策　　划：阿布都热合满.艾白
艾合买提.伊明

责任编辑：艾合买提.伊明
责任校对：阿布勒孜.阿巴斯 等

**维吾尔民间谚语 — 2** (维吾尔文)
《维吾尔民间文学大典》编委会 编

新疆人民出版社出版
(乌鲁木齐解放南路 348 号 邮编：830001)
新疆新华书店发行
新疆新华印刷二厂印刷
880×1230 毫米 32 开本 12.875 印张 2 插页
2006年 2月第1版　2007年3月第2次印刷
印数：4,001-9,000

ISBN 978-7-228-09836-1　定价：20.00元

# ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەمسىللىرى

پىلانلىغۇچىلار: ئابدۇراخمان ئەبەي، ئەخمەت ئىمىن
مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەخمەت ئىمىن

ئۈرۈمچى
2006-يىلى

## مۇندەرىجە

ئىش ـ ئەمگەك توغرىسىدا..........................1
گەپ ـ سۆز، تىل توغرىسىدا.........................31
پەند ـ نەسىھەت توغرىسىدا........................62
ئىشچانلىق، ھۇرۇنلۇق توغرىسىدا..................98
ئاتا ـ ئانا ۋە ئائىلە ئەخلاقى توغرىسىدا..........108
كىيىم ـ كېچەك، يېمەك ـ ئىچمەك، تۇرالغۇ
جاي، يۇرۇش ـ تۇرۇش توغرىسىدا ................143
مۇھەببەت، نىكاھ توغرىسىدا .....................159
باللار تەربىيىسى توغرىسىدا .....................201
سالامەتلىك، تازىلىق توغرىسىدا ..................218
بەخت ـ تەلەي توغرىسىدا .........................236
ئۇرۇق ـ تۇغقان، قوشنىدارچىلىق توغرىسىدا...240
مېھمان ۋە مېھماندارچىلىق توغرىسىدا ........246
يول يۇرۇش ۋە يولداشلىق توغرىسىدا............257
غەم ـ قايغۇ توغرىسىدا .........................259
توي ـ تۆكۈن، ئۆلۈم ـ يېتىم، بالا ـ قازا
توغرىسىدا .......................................263

بايلىق، نامراتلىق توغرىسىدا .......................266
پەسىل توغرىسىدا ...................................273
ئاسمان جىسىملىرى ۋە تەبىئەت ھادىسىلىرى
توغرىسىدا .........................................281
دېھقانچىلىق توغرىسىدا ..............................286
ئورمانچىلىق توغرىسىدا..............................307
چارۋىچىلىق توغرىسىدا ..............................312
بېلىقچىلىق توغرىسىدا ..............................326
باغۋەنچىلىك توغرىسىدا..............................328
ھۈنەرۋەنچىلىك توغرىسىدا ...........................334
قاتناش ۋە توشۇمچىلىق توغرىسىدا.....................348
سودا - سېتىق، ئېلىم - بېرىم توغرىسىدا .....352
ئىدىقۇت خانلىقى دەۋرىدىكى ئاتىلار سۆزى.......369
«دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» تىكى ماقال - تەمسىل
لەر ...........................................374

# ئىش ئەمگەك توغرىسىدا

ئاتىسى قۇل بولسا، بالىسى باي بولۇر.

ئاش قالسا قالسۇن، ئىش قالمىسۇن.

ئارقىدا قالدىڭ — توپىدا قالدىڭ.

ئاش كەلسە خامانلار،
ئىش كەلسە يامانلار.

ئاستا يۈرگەن تاغ ئاشار،
يۈگۈرگەن باغ (ئاشار).

ئاسان ئىشنىڭ بېشىغا،
هەركىم بارار قېشىغا.

ئالتىنچى ئايدا ئاغرىق يوق.

— ئاش يەملا ؟
— ئىلتىپاتلىرى.
— ئىش قىلامىلا ؟
— خۇدا ساقلىسۇن.

ئاش قۇلى ــ ئىش كېسىلى.

ئادەمنىڭ ھەققىنى يەر قايتۇرار.

ئالتۇن ئوتتا تاۋلىنار،
ئادەم ئەمگەكتە (تاۋلىنار).

ئانارنىڭ پوستى قاتتىق، مېۋىسى تاتلىق.

ئادەمنى ئەمگەك باقىدۇ،
ھۇرۇنلۇق چەتكە قاقىدۇ.

ئاغزىڭ چاققان بولغۇچە، قولۇڭ چاققان بولسۇن.

ئاپتاپ يەرنى تاۋلار،
ئەمگەك ئەرنى تاۋلار.

ئاشنى كۆرسە قولى قوزغىلار،
ئىشنى كۆرسە كېسىلى قوزغىلار.

ئاش كەلسە ئىچىپ كېتەر،
ئىش كەلسە قېچىپ كېتەر.

ئادەم ئىشلىمىسە بىكار،
ئىت چىشلىمىسە (بىكار).

ئاتىسى يوق ئاتا قەدرىنى بىلمەس،
ھۇرۇن جان قەدرىنى (بىلمەس).

ئالتە خوتۇن بىر ئۆيدە بولسا، ئېشەك تېزىكى تۆردە بولار.

ئادەمنى ئىش تونۇتار.

ئالدىراپ قىلساڭ ئىشنى،
بالدىراپ ئالىسەن قىشنى.
ئالدىراپ قىلمىساڭ ئىشنى،
تىترەپ ئالىسەن قىشنى.

ئاتمىش ئالتە پەرىشتە، ھەربىرى بىر ئىشتا.

ئالتىنچى ئايدا قىچقارسا يەتتىنچى ئايدا «ھە» دېگەن.

ئالتىنچى ئايدا بىر تون تىكتىم، ئەملىدىممۇ، پەملىدىممۇ؟

ئارىدا قونۇپ سۇ ئەكەلدىم، يۇگۇردۇممۇ، ئۇچتۇممۇ؟

ئادەم قولى چۆلنى بوستان قىلار.

ئەتىگەندە ئىشنىڭ زورى،
ئاخشامسېرى ناننىڭ زورى.

ئەمگەك قىلماي ئەلدىن ئاغرىنما،
ئېكىن سالماي يەردىن ئاغرىنما.

ئەمگەكنىڭ ئۇنۇمى بىلەكتىن،
قوغۇننىڭ زورىيىشى پېلەكتىن.

ئەمگىكىڭ قاتتىق بولسا، يېگىنىڭ تاتلىق بولۇر.

ئەر ئەلگە ئەمگىكى بىلەن تونۇلار.

ئەمگەكنىڭ نېنى تاتلىق،
ھۇرۇننىڭ جېنى تاتلىق.

ئەجىرسىز ناۋات بولماس،
ئەلسىز ئاۋات بولماس.

ئەمگىكى ئازنىڭ كۆلكىسى ئاز.

ئەجىر قىلساڭ دەرياغا بېلىق بىلۇر،
بېلىق بىلمىسە خەلق بىلۇر.

ئەزمە ئويلانغۇچە تەۋەككۈلچى مۇرادقا يېتەر.

ئەمگەك قىلساڭ ئېرىنمەي،
قارنىڭ تويار تىلەنمەي.

ئەمگەك قىلساڭ ئۆلمەيسەن،
يانغان ئوتتا كۆيمەيسەن.

ئەمگەك قىلساڭ سايرىتار،
ماي ئىچىدە يايرىتار.

ئەجىر قىلساڭ ئالارسەن پايدا،
ئەجىر قىلمىساڭ قالارسەن سايدا.

ئەمگەك قىلساڭ باغ بولۇر،
تاش يىغىلسا تاغ بولۇر.

ئەمگەك قىلساڭ ئاتىقىڭ چىقار.

ئەجىر قىل دەرياغا سال، بەختىڭنى ئاللادىن تىلە.

ئەر نەدە بولسا، ئېنى شۇ يەردە بولۇر.

باشتا ئىش قاتتىق،
ئاياغدا ئاش تاتلىق.

باي — پۇلى بىلەن ماختىنار،
ئىشچان — قولى بىلەن ماختىنار.

بالدۇر قىلساڭ ئىشىڭنى،
ئاسان ئالىسەن قىشىڭنى.

باياشات تۇرمۇش نەدە، تەر تۆككەن يەردە،
ئىسراپچىلىق نەدە، پېشانىسى تەرلىمىگەن يەردە.

باينى باي قىلغان ئۆچكە بىلەن قوي،
ھۇرۇن ئوغۇلغا نەدە بولسۇن توي.

بايلىقنىڭ ئاتىسى ئەمگەك، ئانىسى يەر.

باھاردا لاي كەچكەن قىشتا ماي ئىچەر.

باينىڭ كۆرپىسى بار،
ئىشچاننىڭ تۆھپىسى بار.

بەرگەننى چىشلىگەندىن تەر ئاققۇزۇپ كىشنىگەن ياخشى.

بەش بارمىقىم — بەش گۈل.

بەرىكەت دېگەن خالتاڭدا ئەمەس، ئالىقىنىڭدا.

بوي ئىشلىمەس، قول ئىشلەر.

بۆرىدىن قورققان تاغقا چىقالماس،
جاپادىن قورققان ھۆرمەت تاپالماس.

بىر باشتا توققۇز تۈگمەن تېشى چۆرگىلەر.

بىرنى ھەركىم بېرەر،
كۆپنى ئەمگەك (بېرەر).

بىكار بولساڭ كېپەك تاسقاپ يە.

بىغەمنىڭ خۇشاللىقى كوسىغا چىققان ساقالچىلىك.

بىر كىشىنىڭ مېھنىتىدىن يۈز كىشى راھەتلىنەر.

بىكار يۈرمەڭ لاغايلاپ،
پۇلنى خەجلەڭ ئاۋايلاپ.

بىر سەن بىكار،
بىر ئىت بىكار.

بىر بىكارچى مىڭنى بىكار قىلۇر.

بېلى بوشنىڭ قورسىقى ئاچ،
ھۇرۇندىن نېرى قاچ.

بىلەك تالدۇرۇپ ئاش ئەتسەڭ، يۈرەك قاندۇرۇپ ئىچەرسەن.

بىر ئادەم ئېرىق قازسا، مىڭ ئادەم سۇ ئىچەر.

پاتقاقتىن قېچىپ سازلىققا كىرىپتۇ.

پاتمانلاپ ئىشلەڭ،
مىسقاللاپ چىشلەڭ.

پادىچىنىڭ قىزى پادا كەلگەندە مەدىكار ئىشلەر.

پولۇچىنىڭ كەتكىنىگە قارىماي،ئىشىكىنىڭ پۈتكىنىگە قارا.

پۇل تىلىسەڭ ئەمگەك قىل.

پۈتكەن ئىشنىڭ بېشىغا،
ياخشى كېلۇر قېشىغا.

پۇل تاپاي دېسەڭ ئىش تاپ،
تام سالاي دېسەڭ خىش (تاپ).

پىچاق تاشتا ئىتتىكلەر،
ئادەم ئىشتا (ئىتتىكلەر).

تاۋار پۇرۇچى ئاشار،
لاي پۇرۇچى ئاشماس.

تاپالىساڭ ھالال يە،
تاپالمىساڭ شامال (يە).

تاشمىلىقتا غىلدىرلاڭ،
بىكار تۇرماي مىدىرلاڭ.

تامچە سۇدا تال كۆكىرەر،
ئەمگەك بىلەن ئەر (كۆكىرەر).

تارتىنساڭ گېپىڭ قالۇر،
ئېرىنسەڭ ئىشىڭ (قالۇر).

تامچى خىش تاللار،
ھۇرۇن ئىش (تاللار).

تاماق يېگىن تويغۇچە،
ئىش قىلغىن ھارغۇچە.

تەر چىقمىسا ئېتەك تولماس.

تەر تۆكۈپ ئەمگەك قىلمىساڭ، ئۆيۈڭدە ئوزۇق يوق.
دەرەخ تىكىپ باغ قىلمىساڭ، بىر تال قوزۇق يوق.

تەردىم تېرەك، ئۇنىڭدىن چىقتى گېزەك.

تەييار گۆشنى يېگەن يولۋاس ئەمەس.

تەر ئاچچىق — ھوسۇلى تاتلىق.

تۆگە سىلكىنسە ئىشەككە يۈك چىقار.

تۆگە تاپىنىدا خامان يۇمشىماس.

تۆت كەپتەرگە يەتتە كوۋۇك،
يازدا ياتقاندا قىشتا دوۋۇك.

تۇزلەڭدە تاغ يوق،
ھۇرۇندا باغ يوق.

تۆھپە قىلغانغا تۆگە تارتۇق قىل.

تۆكۈلسە تەر، ئۈنۈم بېرەر يەر.

توخۇ بىرنى تۇغۇپ شۇنچە قاقاقلار،
ئىككىنى تۇغسا قانچە قاقاقلار؟

تۆمۈرچىنىڭ مىڭ سوققىنى — بازغانچىنىڭ بىر سوققىنىغا تەڭ كېلەلمەس.

تېرىغان ئۆزىدىن سورار،
تېرىمىغان كىشىدىن (سورار).

تېرىغانغا يەر قېرىماس،
ئىشلىگەنگە ئەر (قېرىماس).

تىرىشىپ ئىشلىگەن كامال تاپار،
ھۇرۇنلۇق قىلغان زاۋال تاپار.

تېمىپ تۇرسا كۆل بولۇر،
تېرىپ تۇرسا پۇل (بولۇر).

تىرىشىپ قىلساڭ ئەمگەك،
تۇرمۇشۇڭ بولار ئەلۋەك.

تىرىشساڭ تىرىلىسەن،
تىرىشمىساڭ يېرىلىسەن.

جاڭگال يوقلىغان قىشتا كۆلەر،
ئويناپ يايرىغان توڭلاپ ئۆلەر.

جېنى ئاغرىمىغاننىڭ يېنى ئاغرىماس.
جېنى بارنىڭ ئەمىلى بار.

چاققان جۇۋاننى بۆشۈك تۇۋىدە سىنا.

چەتتە ئىشلە، ئۆيدە يە.

چوڭ بىلەنمۇ، كىچىك بىلەنمۇ كېڭەش،
ئاخىرى ئۆز ئەقلىڭ بىلەن يەش.

چۈشكۈچە ئۆمرۈڭ بولسا، كەچكىچە ئىشلە.

چۈشۈڭگە ئىشەنسەڭ نامرات بولارسەن،
ئىشىڭغا ئىشەنسەڭ روناق تاپارسەن.

چۈمۈلىنىڭ پۇتىدىن ئۆگەن،
قۇشقاچنىڭ تىلىدىن ئۆگەنمە.

چىدىغان بۆرە ياغ يەر،
چىدىمىغان بۆرە يۆلۈڭ يەر.

چىنە مىلىڭ يىل ئىشلەتسە قىرىماس،
سۇنسا بىر پۇلغا يارىماس.

چىۋەرنىڭ قولى ئالتۇن،
دانىشمەننىڭ سۆزى (ئالتۇن).

چىراغ پەرلىگەن خىزمەت ئەمەس.

خالاپ كۆتۈرگەن يۈكنىڭ ئېغىرى يوق.

خۇمدانىدا خىش تولا،
قىلاي دېسە ئىش (تولا).

خۇدا دەپ ياتقۇچە، رەببىم دەپ ئىشلە.

داستىخان سال، كۆرپە تالاش،
مېھنەت قىل، پۇل (تالاش).

دەرەخ مېۋىسى بىلەن ئەتىۋار،
ئادەم تۆھپىسى بىلەن ئەتىۋار.

دەريا سۈيى يازدا تاشار،
ئادەم قىممىتى ئەمگەكتە ئاشار.

دۇمبەڭ قىچىشسا تۈگمەنگە بار.

دۈشمىنىڭدىن ئۆتەي دېسەڭ، يېرىڭگە ئارپا تېرى.

دۆررەككە سوت يوق.

دۇتار چالدىم «يۇسۇپ، ئەھمەد»كە،
ھېچنېمە كەلمەس قۇرۇق رەھمەتكە.

رىزقىڭنى تېرىپ يە.

رىزقىڭنى ئەجرىڭ بېرەر، بەرمەكلىكى يەردىن ئەمەس.

ساقىلىنى ساتقان قېرىدىن ئەمگىكىنى ساتقان بالا ياخشى.

سەن سالا، مەن سالا،
ئاشقا پۇرچاقنى كىم سالا.

سەن تارت، مەن تارت،
بوش تۇتۇپ چىڭ تارت.

سەنمۇ يىگىت، مەنمۇ يىگىت،
ئەسلىي يىگىت ئىشتا يىگىت.

سەكراتقا چۈشكۈچە سەكرەپ تۇر.

سەھەر قوپقان ئىتنىڭ قارنى توق.

سەككىز ئاتقۇچىغا بىر جىڭ پاختا.

سۇۋادان مېۋىسىز،
غادايغان بىلىمسىز.

سۇ يوق دېگەن ھۇرۇنلۇق،
قۇدۇق قازماق ئورۇنلۇق.

سۆز بىلەن پولۇ پىشماس.

سۆز دېسە لاپ، ئىش دېسە ئالا تاغنىڭ ئارقىسىدىن تاپ.

سېمىز ئۇلاغنىڭ ئايىغى سەككىز.

شۇمبۇيا ئۇنەر قوغۇنلۇقتىن،
پالاكەت كېلەر ھۇرۇنلۇقتىن.

غەپلەتتە ياتساڭ، ئەخلەتكە كۆمۈلىسەن.

غەيرەتسىز بىلەك — ئورۇنسىز تىلەك.

غىزايىڭ — غايىبتىن ئەمەس، مېھنەتتىن.

قاراپ تۇرۇپ ئىش قىلمىغان خۇدانىڭ دۈشمىنى.

قالغان ئىشقا قاتتىق باشلىق ئەر كېرەك.

قانچىلىك ئۇخلىساڭ، شۇنچىلىك ئاچ قالىسەن.

قوزغىلىپ گۈل بولدۇم،
قوزغالماي كۆل (بولدۇم).

قول قىلغاننى بويۇن كۆتۈرەر.

قول سېلىپ قايتقۇچە، سول ئېلىپ قايت.

قولۇق قاپارسا، گېلىڭگە سوركە.

قولۇقنى قول قىلىپ ئىشلەت،
پۇتۇقنى ئۇي قىلىپ (ئىشلەت).

قوي باقماي پاقلان يەيمەن،
بۇغداي تېرىماي ئاق نان (يەيمەن).

قۇشقا قانات بىلەن پەر زىننەت،
ئەرگە ئەمگەك بىلەن تەر (زىننەت).

قېرىغاندا قېرىشىپتۇ.

قىمىرلىغان قىر ئاشار.

كالا ئىشلەپتۇ هەلەپكە لايىق،
ئىگىسى ئىشلىتىمەن دەپتۇ تەلەپكە لايىق.

كەپتەرۋازنىڭ غېمى پەغەزدە،
كاتىپنىڭ غېمى قەغەزدە.

كەپسىزنىڭ ئىشى — ئەلگە نەپسىز.

كەمبەغەللىك ئەيىب ئەمەس، هورۇنلۇق ئەيىب.

كەتمەن دېگەن كاندۇر،
ئۇنى چاپسا ناندۇر.

كەسمەس پىچاقتا كەسكۈچە، چايناپ يېگەن ياخشىراق.

ماشماس ئىشەكنى مىنگۈچە، پىيادە ماڭغان ياخشىراق.

كۆرەر كۆزۈم كۆرمەس بولدى،
بىلەر بىلەكىم بىلمەس بولدى.

كۆرە - كۆرە كۆز پىشار،
قىلا - قىلا قول (پىشار).

كۆپ ئۇخلىغان ئاچ قالار،
لاغايلىغان كەچ (قالار).

كۆكتىن ئىزدىگەن يەردىن تاپار،
راھەتنى ھەركىم تەردىن تاپار.

كۆكتىن ئىزدىگەننى يەردىن تاپ.

كۆڭۈل خالىغان ئىشنىڭ ئېغىرى يوق.

كۈندۈزى مەندەك ئەر يوق،
كېچىسى ياتار يەر يوق.

كۈندە قىلساڭ ھەرىكەت،
كۈزدە كېلەر بەرىكەت.

كۈچۈڭنى يەلگە بەرمە، يەرگە بەر.

كېلىن بالا كىشىنىڭ ئۆيىدىكى ئامانەت.

كېرىكىڭنى كۈندە يىغ.

كېسەل دورىدىن قورقماس،
ئىشچان كاردىن (قورقماس).

كىشىنىڭ ئاغزىغا قارىغان ئاچ قالار.

كىشى قانداق بولسا، ئىشى شۇنداق بولار.

كىشى ئېتى ئات ئەمەس،
ئىككى پۇتۇم يات ئەمەس.

كىشىنىڭ ئىشىغا كىشىنىڭ قولى تومۇزدىمۇ توڭلار.

كىم بولسا ھۇرۇن،
نامرات بولۇر بۇرۇن.

گەپ قىلىدىغان يۈز پوچىدىن
ئىش قىلىدىغان بىر نوچى ئەلا.

گەپ بىلگۈچە ئىش بىل.

گۆشنىڭ قاتتىقى — توخۇ تاشلىقى،
ئىشنىڭ ئېغىرى — مەھەللە باشلىقى.

گېپى چوڭنى ئىشتا سىنا.

ماڭغاننىڭ يولى تۈگەر،
ياتقاننىڭ پۇلى (تۈگەر).

ماڭغان پۇتقا توپا يۇقار.

مولىلا ئايەتكە ئامراق،
ھۆرۈن راھەتكە (ئامراق).

مۆكچەيگەننىڭ بېلىنى ئەمگەك تۈزلەر.

مۇنۇ جۇگاننىڭ ئېشىنى كۆرۈڭ،
تاۋنقىنىڭ تېشىنى (كۆرۈڭ).

مېھنەتسىز يېگەن ئاش،
تۈيۈقسىز تەگكەن تاش.

مېھنەتتىن قاچما،
مىننەتتىن قاچ.

مېھنەتسىز نېسىپ بولماس،
يامىسىز ھېسىپ (بولماس).

مېھنەتسىز تاماق — ئېغىزغا قاماق.

مېنىڭ ئېتىم شور دەريا، نەگە بارسام ئىش تەييار.

مىڭ كاپ - كاپتىن بىر چىپ - چىپ ئەلا.

مىدىرلىغان تاغ ئاشار،
تاغ كەينىدە باغ ياسار.

نانىنى يە سۇغا چىلاپ،
ئىشنى قىل بۇقىچىلاپ.

نامازدىگەردە ئىش تۈگەر،
ئىشى تۈگىمىگەن باينىڭ بېشىغا مۈشت تېگەر.

ناۋاينىڭ نېنى پىشقۇچە، ئۆزى مىڭ پىشار.

نامازدىگەر — ئىشنىڭ تۈگەر.

نومۇسسىز تىلەر،
نومۇسلۇق ئىشلەر.

ھاياتنى ئەمگەك ئۈزارتار،
بەرىكەتنى مېھنەت ئۈزارتار.

ھارماڭ دېسە خامان باقتىم دەپتۇ.

ھالال يېگەن پاك بولۇر،
ھارام يېگەن ھالاك (بولۇر).

ھارۋا ماڭغان يول تار بولماس،
ئەمگەك قىلغان خار بولماس.

ھايۋان باققانغا ئامراق،
ئىش چاققانغا ئامراق.

ھارغانغا ياتاق يوق،
ئاچقا تاماق (يوق).

ھالال يېگەن تەنگە قۇۋۋەت.

ھەرىكەت قىلغاننىڭ يېگىلى باردۇر ئىشى،
ھۇرۇنلۇق قىلغاننىڭ ساڭگىلار بېشى.

ھەرىكەتتە بەرىكەت،
ھۇرۇنلۇقتىن نېرى كەت.

ھەيدىگىنى ئالتە ئۆچكە ھايت - ھۇيتى ئالەمنى ئالار.

ھەركىم ئۆزىنى چاغلاپ،
ئىش قىلىدۇ بېلىنى باغلاپ.

ھۇرۇننىڭ ئەتىگەنلىك ئىشى چۈشتە تۈگەر،
يازدىكى ئىشى قىشتا (تۈگەر).

ھۇرۇننىڭ سۆزىدىن چۈمۈلىنىڭ ئىشى ئارتۇق.

ھۇرۇننىڭ دادىغا يەتكۈچە، ئىشچاننىڭ ھالىغا يەت.

ھەرىكەت قىلساڭ ھاتەم بولۇرسەن.

ھىممەتسىزنىڭ ھۆرمىتى بولماس.

ھۇرۇننىڭ ئىشى — چۈشىدىكى ئىش.

ھۇرۇنلۇق كېسەلمەن قىلار،
ئەمگەك تىمەن (قىلار).

ھۇرۇننىڭ تومۇزدا قولى توڭلار،
ئايدىڭدا پېشانىسى كۆيەر.

ھۆرۈنغا ئۆز تۆكمۈ يۆك بولار.

ھۆرۈنغا ھويلىدىكى سۇمۇ يىراق.

ھۆرۈننىڭ تىلى يېرىم غۇلاچ.

ھۆرۈنغا قىلدەك ئىش پىلدەك بىلىنەر.

ھۆرۈندىن ئەلمۇ بىزار، يەرمۇ بىزار.

ھۆرۈنلۇقتىن بالا كېلۇر باشقا،
ئىشچانلىقتىن گۈل ئۈنەر تاشقا.

ھۆرۈن قىلغان ئىشنى ماختار،
زېرەك كىشىنى ماختار.

ھۆرۈن ئۆتەر ئويۇن بىلەن،
ئالغۇاستى ئۆتەر قويۇن بىلەن.

ھۆرۈن سەھەر ياتقان يېرىدىن كەچتىمۇ سايە كۈتەر.

ھۆرۈن خوتۇن چاي قايناتقۇچە، چاققان خوتۇن
ئاش پىشۇرار.

ھۆرۈنغا ئىش يوق،
ئىشچانغا قىش (يوق).

ھۆرۈننىڭ ئاغرىنمايدىغان ئىشى يوق.

ھۆرۈننىڭ غەيرىتى ئىش تۈگىگەندە كېلەر.

ھۆرۈننىڭ ھۈنىرى ــــ ئۇيقۇ.

ھۆرۈنغا جاپا سالساڭ گۇناھ بولماس.

ھۆرۈن ھارۋا قاتقۇچە، توخۇ ئىككى چىللار.

ھۆرۈن ئېشەكنىڭ توقۇمى يىرتىق.

ھۆرۈن ئولتۇرۇپ ئۇخلار،
يېتىم يېتىپ ئىشلەر.

ھۆرۈننى ئىشقا بۇيرۇساڭ، ئاتاڭدىن ئارتۇق ئەقىل كۆرسىتەر.

ھۆرۈن ئادەمدىن ساراڭ ياخشى،
يېشىل تىكەندىن غازاڭ ياخشى.

ھوسۇل ئالساڭ ئېشىڭدىن،
قىزلار كەتمەس قېشىڭدىن.

ھىممىتى زورنىڭ قىممىتى زور.

ئورما بىلەكتە ئوينار،
كەتمەن يۈرەكتە (ئوينار).

ئورۇق كېيىكنى ياراتماي،
سېمىز كېيىكنى تاپالماي،
تاغدا ياتقان بارات باي.

ئورمىچى ئورمىچىنى كۆرسە،ئورغاقنى بىلىگە قىستۇرار.

ئويچان ئويلاپ بولغۇچە، ئىشچان ئىشنى پۈتتۈرەر.

ئون پوچىدىن بىر ئىشلىگۈچى ئەلا.

ئويلاپ سۆزلە ئىناۋەتلىك بولىسەن،
ئالدىڭغا قاراپ ئىشلە جۈرئەتلىك بولىسەن.

ئۆلۈشكە چىدىساڭ مال ئەت،
كۆمۈشكە چىدىساڭ تال ئەت.

ئۆزۈڭ قىلمىساڭ غېمىڭنى،
قاغا چوقار بېشىڭنى.

ئۈزۈمى بارنىڭ يۈزى بار،
يانچۇقىدا پۇلى بار.

ئۈجمە تۈگىگەندە سوپىسوپىياڭ كەلدى،
ئىش تۈگىگەندە غوجا مۇھەممەت (كەلدى).

ۋاقتىنى چىڭ تۇتساڭ ئىشىڭ پۈتەر،
ھۇرۇنلۇق قىلساڭ ئۆمرۈڭ ئۆتەر.

ئېشىڭدىن بۇرۇن ئىشىڭنى ئويلا.

ئېتىزدا ئىزى يوقنىڭ خاماندا يۈزى يوق.

ئېشىكىڭ قاشاڭ بولسا كالاڭغا جاپا،
خوتۇنۇڭ قاشاڭ بولسا بالاڭغا (جاپا).

ئېگىز تاغمۇ غۇلاپ چۈشەر بىر كۈنى،
زېرىكمەستىن كولاۋەرسەڭ ھەر كۈنى.

ئېلىم ئۈچۈن خىزمەت —
ئۆزۈم ئۈچۈن ئوقەت.

ئېغىر چامدىغۇچە، يېنىك سەكرەر.

ئېرىنچەكنى ئەل سۆيمەس.

ئېرىنچەككە بۇلۇت سايىسىمۇ يۈك بولار.

ئىشنىڭ سەھەردىكىسى ياخشى،
ئۆلۈمنىڭ كەچكىسى (ياخشى).

ئىش ياقماسقا ئىت باقماس.

ئىشچان كىشى خار بولماس،
قىلغان ئەجرى يوق بولماس.

ئىش قىلغاندا تۈگەر،
ئادەم ئۆلگەندە (تۈگەر).

ئىشلىگەن ئەر چىشلەپ يەر.

ئىشتا يوقنىڭ رىزقى يوق.

ئىش بار يەردە ئاش بار.

ئىشلىسەڭ باي بولىسەن،
ئىشلىمىسەڭ لاي بولىسەن.

ئىشلەپ ـ ئىشلەپ باي بوپتۇ،
چىشلەپ ـ چىشلەپ يەردە قاپتۇ.

ئىش بىلمىگەن ئۆزىنى ھاردۇرار،
ئىش بىلگەن ئىشنى (ھاردۇرار).

ئىش ئۆزگە قالغاندا ئۆلگەنلەر تىرىلەر.

ئىشنى قىلغىن ھارغۇچە،
تاماق يېگىن تويغۇچە.

ئېشەكنىڭ گۆشى ھارام، كۈچى ھالال.

ئىشىڭ بولمىسا ئېتىڭنى سۇغار.

ئىشچاننىڭ بەختى گۈلدەك ئېچىلۇر،
ھورۇننىڭ بەختى كۈلدەك چېچىلۇر.

ئىشىڭنى پۇختا قىلغىن، خام قىلمىغىن،
خام قىلىپ تاياق تەگسە غىڭ قىلمىغىن.

ئىشنى قىلساڭ ھارغۇچە،
راھىتى بار قانغۇچە.

ئىشچان ھالۋا يېسە، ھورۇن شۆلگىيىنى ئېقىتار.

ئىش ئىشتىھانى ئاچار.

ئىشبېشى كۆپ بولسا، ئىش كەينىگە كېتەر.

ئىشچان بالا سەمرىمەس،
ھۇرۇن خوتۇن تەۋرىمەس.

ئىشلىگەن تويۇپ سەكرەر،
ھۇرۇن توڭلاپ سەكرەر.

ئىشچان كۆكنى كۆرسىتەر،
ھۇرۇن بۆكنى (كۆرسىتەر).

ئىشچاننىڭ كەتمەن تۇتۇشىغا باق،
ھۇرۇننىڭ ئولتۇرۇپ - قوپۇشىغا (باق).

ئىشى ئىشقا ئوخشىماس،
قولى ئىشتىن بوشىماس.

ئىشنىڭ ئاسىنى يوق،
يەرنىڭ يامىنى (يوق).

ئىشنىڭ كەنجىسىدىن قاچما،
ئىسكەنجىسىدىن قاچ.

ئىشقا چاقىرسا بارمىغان ئاشقا چاقىرسا ھارماس.

ئىشقا چىقسا قارانچۇق،
بىكار يۈرسە ياسانچۇق.

ئىش قىلالماس گەپكە ئۇستا،
نان ياقالماس چۆپكە ئۇستا.

ئىشلىمىگەن ئەردىن مېكىيان توخۇ ياخشى.

ئىشى كۆپ باراڭ چۆرگىلىسە،
ئىشى يوق كاساڭ چۆرگىلەر.

ئىشلىگەننىڭ كۆڭلى توق،
ئىشلىمىگەننىڭ ھېچنېمىسى يوق.

ئىشلىگەننىڭ يۈزى يورۇق،
ئىشلىمىگەننىڭ يۈزى چورۇق.

ئىشچانغا ئاش،
مىشچانغا تاش.

ئىشلىگەن گىردە يەر،
ئىشلىمىگەن جىگدە (يەر).

ئىشلەپ يېگەن ئىززەتلىك،
چايناپ يېگەن لەززەتلىك.

ئىشتا تەييارلىق بولمىسا، ھەييارلىق كار قىلماس.

ئىش ياقماسقا ئىش ئاسان كۆرۈنەر.

ئىشنىڭ ئاسىنى — چۈش كۆرۈش.

ئىشچانلىق — بايلىقنى كەلتۈرەر،
ھورۇنلۇق — يوقسۇزلۇقنى (كەلتۈرەر).

ئىشچاندىن ئىش قورقار،
سوغۇق يەلدىن چىش (قورقار).

ئىش قىلغاننى قولىدىن بىلەرسەن،
ئىش قىلماسنى تۇرقىدىن (بىلەرسەن).

ئىشنىڭ ئاسىنى يوق،
قىلالىساڭ قىيىنى (يوق).

ئىش ئۇستىدىن قورقار.

ئىشلىسەڭ مېغىز يەيسەن،
بولمىسا سېغىز يەيسەن.

ئىشتىن قاچقان قىشتىن قاچالماس.

ئىشچاننىڭ مىننىتى يوق،
بېخىلنىڭ ھىممىتى (يوق).

ئىش باشقا، ھەۋەس باشقا،
بىكار بولساڭ كېپەك تاسقا.

ئىشنىڭ قالسا ئەتىگە،
دۈشمەن كىلەر پەتىگە.

يە دېسە، يەپتىمەن،
پۈلى يوقمىكەن دەپتىمەن.

ياشلىقىڭدا قولۇڭ ئىشلەر،
قېرىغاندا ئېغىزىڭ ئىشلەر.

ياغاچنىڭ يۇمشىقىنى قۇرت يەر،
ئادەمنىڭ يۇمشىقىنى پىت (يەر).

يازدا ئىشلە، قىشتا چىشلە.

ياتقىنى بورىيا،
يۆرگىنى دەريا.

يازدا بېشى قاينىمىغاننىڭ قىشتا ئېشى قاينىماس.

يارىتىش خۇدادىن،
يارىلىش ئۆزۈڭدىن.

ياتقان ئۇيغا يەم يوق.

ياشلىقىڭدا ئىشلە،
قېرىغاندا چىشلە.

ياتقانغا نان يوق،
قاچقانغا ئالۋان (يوق).

يازدا ئۇخلىغان قىشتا مۇزلار.

يالىساڭ تويىسەن،
يامىساڭ پۈتىسەن.

يازدا سايىدا خۇش بولساڭ،
قىشتا تاغىرىڭ بوش قالۇر.

ياشلىقىڭدا ئىشلىسەڭ، قېرىغاندا ئوينايسەن.

ياخشى مالنىڭ تېرىسى خورۇم بولار، كۆن بولماس،
ئىشچان ئەرنىڭ بالىسى غېرىب بولار، قۇل بولماس.

يازلىقى سالاي ساراي،
قىشلىقى نەگە باراي.

يالقاۋ ياقىدا ياخشى.

يازلىقى هالاي - هۇلاي،
قىشلىقى قايان باراي.

يەر — هوسۇلنىڭ ئانىسى،
ئەمگەك — هوسۇلنىڭ ئاتىسى.

يە دېسە چارا - چارا،
ئىش قىل دېسە يەرگە قارا.

يوققا نېمە يوق، ئېرىقتىكى سۇمۇ يوق.

يول ماڭسا ئېچىلار،
ئادەم ئىشلىسە ياشىرار.

يۈرگەن يولدىن تاپار،
ئولتۇرغان قايدىن (تاپار).

يۈز قېتىملىق ۋەدىدىن بىر قېتىملىق ئىش ياخشى.

يۇگۇرۇپ ئىش قىلساڭ ئۇلتۇرۇپ يەيسەن،
يازدا ئالدىرىمىساڭ قىشتا يۇگۇرىسەن.

يېيىشتە تەييار،
ئىشلەشتە بىمار.

يېرىم كۈنگە ھېرىش يوق.

يېتىپ يېيىشكە تاغ توشماس،
يالماپ يېيىشكە يەر توشماس.

يېنىڭدا كىم ئۇلتۇرسا چىرايلىقىڭ شۇ،
بېشىڭنى كىم سىلىسا ماشايىقىڭ شۇ.

يېنىڭدا نار تۆگە بولسا، يۈك كۆتۈرۈشتىن غەم يېمە.

يېگەن بىلمەس، تاپقان بىلەر.

ئىش ئىگىسى بىلەن،
قۇش مېگىسى بىلەن.



# گەپ-سۆز، تىل توغرىسىدا

ئادەم ماڭمىغان يول يامان،
ئېگىسى چىقمىغان سۆز (يامان).

ئاتىسى تۇرۇپ سۆزلىگەن ئوغۇلدىن بەز،
ئانىسى تۇرۇپ سۆزلىگەن قىزدىن بەز.

ئاتنىڭ سىرىنى كۆزىدىن بىل،
ئادەمنىڭ سىرىنى سۆزىدىن بىل.

ئاغزىغا كەلگەننى دېمەك ناداننىڭ ئىشى،
ئالدىغا كەلگەننى يېمەك ھايۋاننىڭ ئىشى.

ئاغزى ئىتتىك تۇمشۇقىغا يەر،
ئايىغى ئىتتىك قورسىقىغا يەر.

ئاۋۋال ئويلا، كېيىن سۆزلە.

ئايىغى ئەسكى ئۆينى بۇلغار،
ئاغزى ئەسكى ئەلنى بۇلغار.

ئاۋازى يامانىنىڭ ئۆمرى قىسقا.

ئاۋۋال تائام،
ئاندىن كالام.

ئاغزى يۇمشاق گۆش يەر،
ئاغزى قاتتىق مۇشت يەر.

ئادەم تىلىدىن كېتەر،
قىرغاندا بېلىدىن كېتەر.

ئاغزىنى ساقلىغان جان ساقلار.

ئاتىلار سۆزى — ئۇزۇكنىڭ كۆزى.

ئاغزىڭ گەپتە بولسىمۇ، قولۇڭ ئىشتا بولسۇن.

ئات يۈگۈرۈكى قۇتقۇزار،
تىل يۈگۈرۈكى تۇتقۇزار.

ئات بېشىدىن باغلىنار،
ئادەم ئاغزىدىن (باغلىنار).

ئالدايدىغان «ماقۇل»دىن، «ياق» ياخشى.

ئاز سۆزلىگەن ئاز يېڭىلۇر.

ئاش — ئۆتنە،
سۆز — لاپقۇت.

ئاغرىقنىڭ سانجىقى يامان،
سۆزنىڭ ئاچچىقى يامان.

ئات كىشنىشىپ تېپىشار،
ئادەم سۆزلىشىپ تونۇشار.

ئادەم كۆركى يۈزدۇر،
يۈز كۆركى كۆزدۇر.

ئېغىز كۆركى تىلدۇر،
تىل كۆركى سۆزدۇر.

ئاڭلىمىغان قۇلاقتىن كۆرمىگەن كۆز ياخشى.

ئايىغىڭ ئىتتىك بولسا يول قىسقىرار،
ئېغىزىڭ ئىتتىك بولسا ئۆمرۈڭ (قىسقىرار).

ئادەمدىن قورقما، گەپتىن قورق.

ئاغزى ئوچۇق ئاچ قالماس.

ئارغامچىنىڭ ئۇزۇنى ياخشى،
گەپنىڭ قىسقىسى ياخشى.

ئاڭلىمىغان سۆز — كۆرمىگەن ئىش.

ئادەم قۇلاقتىن سەمرەر،
ھايۋان تۇياقتىن (سەمرەر).

ئادەم قولاقتىن قېرىيدۇ،
ھايۋان تۇياقتىن (قېرىيدۇ).

ئاز سۆزلىگەن ساز يىگىت،
كۆپ سۆزلىگەن ماز يىگىت.

ئاقىلنىڭ ئېپى تولا،
كاسكى خوتۇننىڭ گېپى (تولا).

ئاغزى يۇمشاق ئۇلپەت تاپار،
ئاغزى قاتتىق كۇلپەت (تاپار).

ئامەت كەلدى خۇش دېگىن،
مەن گەپ قىلاي خوش دېگىن.

ئاغزىڭدىن چىققان چار يىلان،
ئۆزۈڭنى چاقار بىگۇمان.

ئاغزى بوش كىشىدىن ئاغزى ئېچىلمىغان قاپاق ياخشى.

ئاچ كۆز بىلەن ئاش تالاشما،
نادان بىلەن گەپ (تالاشما).

ئات چاپتۇرساڭ ئالدىڭغا قارا،
گەپ قىلساڭ ئاغزىڭغا (قارا).

ئاغزىڭ يامان بولسا، كۆڭلۈڭ ئارام تاپماس.

ئەسكى يەرگە سۇ بىكار،
نادان كىشىگە سۆز (بىكار).

ئەرنىڭ سۆزى ئۆلگۈچە، ئۆزى ئۆلسۇن.

ئەرنىڭ ئۆزى ئەر ئەمەس، سۆزى ئەر.

ئەر دېگەن بىر ئېغىز گەپ بىلەن تۇغقان، بىر ئېغىز گەپ بىلەن يات بولۇر.

ئەگەر بولسا سۆزگە يەتمەك،
نە دۆلەتتۇر سۈكۈت ئەتمەك.

ئەر كۆركى ساقال،
سۆز كۆركى ماقال.

ئەقىلغا سىغمىغان سۆزنى ئاقىل ئېيتىسمۇ ئىشەنمە.

بازار پوش ـ پوش بىلەن،
گەپ خوش ـ خوش بىلەن.

باش يارىسى كېتەر،
سۆز يارىسى كەتمەس.

باتۇرنى مەيداندا سىنا،
سۆزمەننى دەۋادا (سىنا).

بۆرە هۇۋلاپ ئۆزىنى ئاشكارىلار.

بىر ئېغىز گەپ ئار كەلدى،
ئون ئېغىز ئۆي تار كەلدى.

بىردىن ئىككى ياخشى،
قۇرۇق گەپتىن جىگدە (ياخشى).

بىر سۆز جانغا پاتار،
بىر سۆز ياۋغا ساتار.

بىر سۆز جانغا پاتار،
بىر سۆز قاندا ئاقار.

بىلىم بولسا، سۆزدىن ئازماس.

بىكار گەپ قىلىش ئەخمەقنىڭ ئىشى.

بىر ئېغىز سۆز ئەلنى كۆيدۈرەر.

بېزەپ ئېغىزدىن سېسىق سۆز چىقار.

بىگىز قاپتا ياتماس،
گەپ قورساقتا (ياتماس).

بىلمىگەنگە ياخشىلىق قىلغىنىڭ بىكار،
تىڭشىمىغانغا گەپ قىلغىنىڭ (بىكار).

بېلى بوشنىڭ گېپى بوش.

بىلگەن ئەپلەپ سۆزلەر،
بىلمىگەن كەپلەپ (سۆزلەر).

بىكار بولساڭ كېپەك تاسقاپ يە،
گەپ قىلساڭ توغرىسىنى دە.

بېشىڭغا قىلىچ كەلسىمۇ راست سۆزلە،
ھەر قەدەمدە ھەقنى كۆزلە.

بىر ئېغىز سۆزلەپ ئون كۈن ئويلىغۇچە،
ئون كۈن ئويلاپ بىر ئېغىز سۆزلە.

بىر ئېغىز خاتا گەپ قىلساڭ، ئون يىل پۇشايمان قىلىسەن.

بال تامغان تىلدىن زەھەرمۇ تامار.

بېلىق توردا تۇتۇلار،
تىل بېسىمدا بوغۇلار.

پادىشاھ دۆت بولسا، ئاغزىغا يۈگەن سال.

پاك بىلەن ئورتاق بولدۇم،
گەپ ئاڭلىتالماي پورداق (بولدۇم).

پاسار ئوتىنىڭ كۈلى چوڭ،
ساپساپچىنىڭ گېپى (چوڭ).

پەزىلەتنىڭ بېشى تىل،
ئاڭلىمىسا سۈكۈت قىل.

پۇت يېرىلسا تۈزىلەر،
تىل يېرىلسا ئۈزۈلەر.

پۈت سىسقىدىن ئىغىز سىسىقى يامان،
يەل سىسقىدىن گەپ سىسقى (يامان).

پور ياغاچ قوزۇق بولماس،
قۇرۇق سۆز ئوزۇق بولماس.

پىل كۆتۈرمىگەننى تىل كۆتۈرەر.

پىچاق گۆشتىن ئۆتەر،
گەپ سۆڭەكتىن (ئۆتەر).

پىتنە تاپىدىغان راست سۆزدىن مەسلىھەت بىرىدىغان يالغان سۆز ياخشى.

تاتلىق تىلدىن زەھەرمۇ تاتلىق تاتار.

تاز دىگەن ھەييار،
گەپ ـ سۆزى تەييار.

تاتلىق سۆز خۇش قىلار،
ئاچچىق سۆز غەش (قىلار).

تاشقا يامغۇر كار قىلماس،
نادانغا سۆز كار (قىلماس).

تاغدەك سۆزنىڭ تىرىقتەك تۇگۈنى بار.

تاماقنىڭ ياخشىسى قورۇما شورپا،
گەپنىڭ ياخشىسى خۇدايا توۋا.

تەرساغا سۆز قىلما.

توغرا ئېيتقان قورققانغا يارىماس.

توققۇز ئەلنىڭ تىلىنى بىلگەن ئوتتۇز ئەلگە ئۆگۈتچى بولۇر.

توغرا سۆز تاشنى يارار.

تۆشۈك قولاق نېمىنى ئاڭلىماس.

توشۇپ بارغان گەپ سېسىق،
تورۇپ قالغان سۇ (سېسىق).

تۆشۈك ئېغىز تۆشۈك ئېغىزدىن قالماس.

تۇلكە تۆلىدىن ئۆلەر،
يىگىت تىلىدىن (ئۆلەر).

توغرا سۆز تۆمۈرنى تېشەر،
يۇمشاق سۆز قىلىچنى كېسەر.

توغرا گەپنىڭ توقمىقى بار.

تولا گەپ داغ بولار،
قىسقا گەپ ياغ (بولار).

توغرا سۆز ئاچچىق بولار.

تىلى پاكنىڭ دىلى پاك.

تىلنىڭ سۆڭىكى يوق.

تىغ يارىسى ساقىيار،
دىل يارىسى ساقايماس.

تىل بايلىقى — ئالەم بايلىقى.

تىزگىنسىز ئاتنى تۇتقىلى بولۇر،
ئېيتىلغان سۆزنى قايتۇرغىلى بولماس.

تىل ئاقىلغا تون ياپتۇرار،
نادان بېشىنى چاپتۇرار.

تىلىڭ بىلەن تىكەن تېرىما.

تىل دىلغا باغلىق.

تىل — دىلنىڭ ئەلچىسى.

تىلى ئىتتىك قولى ئىتتىكنى ئازدۇرار.

تىلى يۇمشاق ئاش يەر،
تىلى قاتتىق تاش (يەر).

تىل كىچىك بولسىمۇ دۇنيانى بۇزۇپ تۈزەر.
تىلدىن دىلغا يول بار.

تىل بىلگەن يولدا ئازماس،
ئەقلى بار چۆلدە ئازماس.

تىغ بىرگە زەربە،
تىل مىڭغا (زەربە).

تىلغا ئىختىيارلىق بەرسەڭ، ئەلدە ئەتىۋارىڭ بولماس.

تىلىڭ قاتتىق بولسا ياغلىنۇەت،
تىلىڭ يۇمشاق بولسا داغلىنۇەت.

تىلىڭنى تارت، چىشىڭ سۇنمىسۇن.

تىكەننىڭ ئەسكىسى ئازغان،
گەپنىڭ ئەسكىسى يالغان.

تىلى يۇمشاق تىلىكىگە يېتەر.

تىلسىزدىن گەپ سورىما،
بىغەرەزدىن نەپ (سورىما).

تىل بىلەن چىگكەن تۈگۈچنى چىش بىلەن يەشكىلى بولماس.

تىلىدىن ھەسەل تامار،
دىلىدىن زەھەر (تامار).

جانمۇ ئېغىزدىن چىقار،
سۆزمۇ ئېغىزدىن چىقار.

جۇۋىلىقتا گەپ قىلسام، چەكمەن چاپانغا تو كەتتى.

چاقچاقتىن جاق - جاق چىقار.

چوڭ گەپنىڭ تېگى بوش.

چۈشكە نېمە كىرمەس،
دۈشمەن نېمە دېمەس.

چېچەننىڭ تىلىغا باق،
چەبدەسنىڭ قولىغا (باق).

چېچەننىڭ سۆزى تاتلىق.

چېچەن ئادەم سۆزنى قىسقا قىلار.

چىراي كۆرۈپ هال سورا،
موللا كۆرۈپ سوئال سورا.

چىشىم سۇنمىسۇن دېسەڭ تىلىڭنى تۈز تۇت.

خەنجەر قاپچۇقتا ياتماس،
ئۆتكۈر سۆز يانچۇقتا (ياتماس).

خۇپىيانە گەپتىن ئاشكارا شاپىلاق ياخشى.

خىل - خىلىدا،
تىل قوۋۇزدا.

داپنى داپ قىلغان گەردىشى،
ئەرنى ئەر قىلغان ۋەدىسى.

دەرەخ شېخىدىن سۇنار،
ئادەم گېپىدىن (سۇنار).

دەردمەن كىشى سۆزمەن كېلۇر.

دۇمباقنىڭ ئاۋازىغا زەن قوي،
سۆزنىڭ ۋەزنىگە (زەن قوي).

دىل سۆيۈنەر ئېغىزدىن،
ئاچچىقى يوق مېغىزدىن.

دىلى ساپ بولمىسا ئىنساپ بولماس،
تىلى ساپ بولمىسا ئىنسان بولماس.

راست گەپ مىڭ يىلچىلىك،
يالغان گەپ بىر يىلچىلىك.

راست گەپ ئاڭلاي دېسەڭ،
كىچىك بالا بىلەن مۇڭداش.

راست گەپ ئالتۇنغا ئوخشاش.

راست سۆز — مۇتىۋەر،
قىسقا سۆز — مۇختەسەر.

زەرەرلىك راست سۆزدىن قاچ.

ساتمىدا قىلغان گەپ سارايدىن چىقىپتۇ.

سەدىقە بالانى يەر،
توۋا گۇناھنى (يەر).

سەن دېگۇچە مەن دەۋالاي،
ئىت قوپقۇچە تاياق ئېلىۋالاي.

سەتكە كۆز تەگمەس،
جىمىغۇرغا سۆز (تەگمەس).

سودىگەر تىلى بىلەن بازار تاپار،
گىلەم قىلى بىلەن (بازار تاپار).

سورىمىغان گەپنى دېمە،
قويمىغان مەزەنى يېمە.

سۇنى سەپ سىڭار يەرگە،
گەپنى قىل سىغار (يەرگە).

سۇنىڭ سۇزۇكى ياخشى،
گەپنىڭ تۇزۇكى ياخشى.

سۇ ئېرىقتا ياخشى،
گەپ قېلىپتا (ياخشى).

سۆنىڭ چىشى يوق، يەرنى يارىدۇ،
تىلنىڭ تىغى يوق، يۈرەكنى يارىدۇ.

سۆز ئانىسى — قۇلاق،
سۇ ئانىسى — بۇلاق.

سۆزنىڭ پىشىقى ياخشى،
ئاشنىڭ ئىسسىقى (ياخشى).

سۆزنى سەرلەپ ئىشلەت،
ئەقىلنى جىڭلاپ (ئىشلەت).

سۆز ئىگىسى بىلەن يۈرمەس.

سۆزمەن بولساڭمۇ گېپىڭنى ئەزمە.

سۆزلىگۈچى ئەخمەق بولسىمۇ،
ئاڭلىغۇچى ئەقىللىق بولسۇن.

سۆزدىن سۆز چىقار،
ياقۇتتىن كۆز (چىقار).

سۆزلىگەندىن سۆزلىمىگەن ياخشىراق،
سۆزلىۋېدىم بېشىمغا يېدىم تاياق.

سۆزلىسە ۋالاق تەگكەن دەيدۇ،
سۆزلىمىسە ئاغزىغا ئېشەك تەپكەن دەيدۇ.

سۆزدىن كۆلكە چىقار،
ئويلىمىغان يەردىن تۆلكە (چىقار).

سۆز قوغلىغان بالاغا يولۇقار،
يول قوغلىغان خەزىنىگە يولۇقار.

سۆزدىن سۆز چىقار،
شوردىن تۇز چىقار.

سۆز سۆزدىن چىقار،
سۆزلىمىسە قايدىن چىقار.

سۆزدە كەتكۈزگەن — يۈزىنى كەتكۈزگەن.

سۆيدۈرگەنمۇ تىل،
بەزدۈرگەنمۇ تىل.

سۆزنىڭ بېشى قاتتىق بولسا، ئايىغى تاتلىق بولار.

سۆز قىلغۇچىنىڭ،
سورۇن ئولتۇرغۇچىنىڭ.

سىڭىشلىكى يوق چاقچاق،
ئاخىرى بولۇر جاق - جاق.

سېسىغان ئېغىزدىن بىخسىغان گەپ چىقار.

شورپا يۈزىدىن بىلىنەر،
دانىشمەن سۆزىدىن (بىلىنەر).

شىرنى تىل بىلەن يېتەكلەيسەن،
پىلنى قىل بىلەن (يېتەكلەيسەن).

غەيۋەتخورنىڭ تىلىنى كەس،
ئاڭلىغاننىڭ قۇلىقىنى (كەس).

غەيۋەت دۇنيانى بۇزار.

غۇنچە تىلىڭنى تىرناقچە قىلما.

قاتتىق سۆزلىگەندىن قورقما،
ئاغزىنىڭ ئۇچىدا كۈلگەندىن قورق.

قاغىغا ئوق ئاتما،
يامانغا سۆز ئاتما.

قوغلا ـ قوغلا گەپ چىقار،
كولا ـ كولا سۇ (چىقار).

قوينۇڭنى كەڭ ئاچ،
ئېغىزىڭنى تار (ئاچ).

قولۇڭنى قىل قىلىپ ئىشلەت،
تىلىڭنى پىل قىلىپ ساقلا.

قۇرۇق سۆز باشنى ساراڭ قىلۇر،
ۋاقىتنى هارام (قىلۇر).

قۇرۇق قوشۇق ئېغىزغا ياقماس،
قۇرۇق گەپ قۇلاققا (ياقماس).

قۇرۇق سۆز ئەرنى ئەخمەق قىلۇر.

قۇرۇق گەپتىن كاچات ياخشى.

قۇرۇق گەپكە مۇشۇك ئاپتاپقا چىقماس.

قۇشنى دان ئالدار،
ئادەمنى سۆز ئالدار.

قۇلنى «بارىكاللا» ئۆلتۈرەر.

قىلىچ تەننى يارا قىلار،
ئۆسەك گەپ كۆڭۈلنى (يارا قىلار).

كاسكاس يا يولدىشىدىن ئايرىلار،
يا قولدىشىدىن (ئايرىلار).

كالاڭ چاق يول بۇزار،
ۋىچىرلىغاق سۆز بۇزار.

كونا گەپ قۇلاققا ياقماس.

كۆڭۈلدە نىمە بولسا، ئېغىزدىن شۇ چىقار.

كۆرمىدىم دېسەڭ بىر سۆز،
كۆردۇم دېسەڭ مىڭ سۆز.

كۆزنى قاچۇرغان سۆزنى قاچۇرار.

كۆپ بىلگەن ئاز سۆزلەر،
ئاز سۆزلىسىمۇ ساز سۆزلەر.

كۆپ بىلسەڭمۇ ئاز سۆزلە.

كۆپ گەپ قىلغاننىڭ كېسىلى كۆپ.

كۆپ سۆز ئۆزۈڭگە دۈشمەن.

كۆڭۈل كۆڭۈلدىن سۇ ئىچەر.

كۆز يەتمىگەن يەرگە سۆز يېتەر.

كۆڭۈلنى رەنجىتكەن چاقچاق ئەمەس.

كۆلدەك سۈيۈڭ بولغۇچە، بالدەك سۆزۈڭ بولسۇن.

كۆپ يامغۇر يەرنى بۇزار،
يىتىنە - ئىغۋا ئەلنى بۇزار.

كۆپ بىل، ئاز سۆزلە.

كېلىشلىك گەپتىن كېلىن يانماس.

كۆڭۈلسىز گەپنىڭ كېچىككىنى ياخشى.

كۆڭلىدە نېمە بولسا، ئاغزىدا شۇ.

كۆسەينى ئۇزۇن قىل،
گەپنى قىسقا (قىل).

كۆزدىن قۇلاق سەدىقە.

كۆرگەننى كاسكاس يېگەر.

كۇنىنىڭ كۆزى بار،
تۇنىنىڭ قۇلىقى (بار).

كېچىسى جۆيلۈگەك ــــ كۇندۇزى سۆزلىگەك.

كىشىنىڭ پەزىلىتى تىلى بىلەن بىلىنەر.

كىيىمنىڭ كىرىنى يۇسا كېتەر،
كۆڭۈلنىڭ كىرىنى ئېيتسا كېتەر.

گەپنىڭ ئاخىرى نان‌دا توختار.

گەپكە خېمىرتۇرۇچ ساپتۇ.

گەپنىڭ ئىچىدىن گەپ چىقار،
تۇخۇمنىڭ ئىچىدىن چۈجە (چىقار).

گەپ دېگەن سۇ يېغى، بارمايدىغان يېرى يوق.

گەپ يولنى قىسقارتار،
دەرد ئۆمۈرنى (قىسقارتار).

گەپنى تەگىمىسە ئېرىق بولار،
گەپنى تەگىسە تېرىق (بولار).

گەپ گەپنى تاپار،
گەپ بېرىپ ئىگىسىنى (تاپار).

گەپنى قىلغىن ئۆققانغا،
مىجەزىگە ياققانغا.

گەپدانلىقنىڭ ئوتتۇز پۇتىقى بار.

گەپ گەپنىڭ تېگىنى ئاچار.

گەپ تىلدىن،
كۆيۈنۈش دىلدىن.

گەپنى ئاغزىڭدىن كۆرمە،
كۆڭلۈڭدىن كۆر.

گەپنىڭ تېگىدە گەپ بار،
ساقالنىڭ تېگىدە خەپ (بار).

گەپ تولا يەردە ئاقىل ئاز.

گەپ دېگەننىڭ تۇرغۇچى بار،
بولمىسا ئىلغۇچى (بار).

گەپكە گەپ كەلگەندە ئاتاڭدىن يانما.

گەپنىڭ يامىنى كۇس - كۇس،
يەلنىڭ يامىنى پۇس - پۇس.

گەپنى قىلساڭ بېقىپ قىل،
تامغا قۇلاقنى يېقىپ قىل.

گەپنى تەگسەڭ تېرىق بولۇر،
بىرى قىرىق بولۇر.

گەپ قىلالمايدۇ، غەزەلگە ئۇستا،
يول ماڭالمايدۇ، سەنەمگە ئۇستا.

گەپدانلىق — شەيتانلىق.

گۇۋاھلىق سۆز — نىكاھلىق خوتۇن.

گۈزەللىك يۈزدە ئەمەس، سۆزدە.

گىلەم قىلىدىن ئىسسىق،
ئادەم تىلىدىن (ئىسسىق).

گەر تۇرمىساڭ سۆزۈڭدە،
ھۆرمەت بولماس ئۆزۈڭدە.

لەۋزىدە تۇرمىغان يىگىت ئەمەس.

لەۋزىدىن يانغان يۈزدىن قالار.

مايسىنىڭ بېشىغا چىققان سېغىز،
ئادەمنىڭ بېشىغا چىققان ئېغىز.

مەدداھنىڭ ۋەزىگە ئىشەنمە،
رەممالنىڭ سۆزىگە (ئىشەنمە).

مەن قورقىمەن دۆڭدىن،
گەپ قىلمىغان مۆڭدىن.

مەنىسىز گەپتىن پاقىنىڭ كوركىرىغىنى ياخشى.

مولۇندەك قاراپ تۇرغۇچە،
بۇلبۇلدەك سايراپ تۇر.

مۇنارغا قاش ئاتما،
ساراڭغا سۆز قاتما.

مىڭ پاتمان مۇشتتىن بىر ئېغىز گەپ يامان.

مىش - مىش گەپ تاش يارار،
بايقىمىساڭ باش (يارار).

نادانغا سۆز قىلساڭ يەيسەن تاياق.

نەپتىن قالغۇچە گەپتىن قال.

نېمە دېسەڭ شۇنى ئاڭلايسەن.

هارۋا ماڭغان يول تار بولماس،
يامانغا گەپ قىلساڭ ئار ئالماس.

هاراقكەشتە گەپ تولا،
بەڭگىدە خىيال (تولا).

هەسەتخورنىڭ كۆزىگە باق،
دانانىڭ سۆزىگە (باق).

«ھەئە»دىن ئوبدان جاۋاب يوق،
جىگەردىن ئوبدان كاۋاپ (يوق).

ھەر گەپنىڭ ۋاقتى بار،
ھەر چېكىتنىڭ جايى (بار).

ھەرىكەتتە دادىل بول،
گەپ ـ سۆزدە ئادىل (بول).

ھەق سۆز ئاچچىق بولۇر.

ئوت باسقان يەردە زىرائەت بولماس،
قۇرۇق گەپ بار يەردە پاراسەت (بولماس).

ئورۇنلۇق تىل ئورنىنى تاپار،
ئورۇنسىز تىل ئورىسىنى تاپار.

ئوتتۇز چىشتىن چىققان سۆز ئوتتۇز ئەلگە تارار.

ئويلىماي سۆز قىلغىنىڭ ـــ
نىشانسىز ئوق ئاتقىنىڭ.

ئوشۇق گەپ ئېشەككە يۈك.

ئويلىماي سۆزلىگەن ئاغرىماي ئۆلەر،
ئويلاپ سۆزلىگەن يىغلىماي كۈلەر.

ئوتقا كەلگەن خوتۇننىڭ ئوتتۇز ئېغىز گېپى بار.

ئويلاپ سۆزلىگەن يېڭىلمەس.

ئوتنىڭ كۈلى قالىدۇ،
ياخشى سۆزنىڭ ئۈلى (قالىدۇ).

ئوياتسىزغا گەپ ئۆتمەس،
ئەقىلسىزدىن نەپ ئۆتمەس.

ئۇلۇغ سۆزدە ئوياتلىق يوق.

ئورۇشنىڭ چىرايلىقى يوق،
تىل ـ ئاھانەتنىڭ تاتلىقى (يوق).

ئوياتسىزغا گەپ ئۆتمەس،
ئوياتلىققا گەپ كەتمەس.

ئۇنى يامان دېسىڭىز ئەيسا غوجىكام،
بۇنى يامان دېسىڭىز مۇسا غوجىكام.

ئۆلۈككە يىغلىغان ئىسسىت كۆزۈم،
نادانغا سۆزلىگەن ئىسسىت سۆزۈم.

ئۆلۈكنىڭ كۆزى يامان،
ئورۇشقاقنىڭ سۆزى (يامان).

ئۆلۈككىمۇ ئۈچ كۈن سۆز،
تىرىككىمۇ ئۈچ كۈن (سۆز).

ئۆتكۈر پىچاق قىنىغا قەست،
يامان سۆز جانغا (قەست).

ئۆزۈڭ ئەگرى بولساڭمۇ، گېپىڭ توغرا بولسۇن.

ئۆردەكنى تۇتقان قىل،
بېشىڭغا چىققان تىل.

ئۆزۈمنىڭ راست دېگەن كۆپنى كۆرمەس.

ئۆزىنى ماختاش ئۆلۈم بىلەن تەڭ.

ئۆزى مۇزلۇقنىڭ گېپى تۇزلۇق.

ئۇزۇككە كۆز يارىشار،
ياخشىغا سۆز (يارىشار).

ئۇندىمىگەن ئۆردەك بالادىن قۇتۇلار.

ۋالاقتەگكۇر گەپ بەرمەس،
سۇنۇق قازان نەپ (بەرمەس).

ۋارقىرىغاننىڭ تاۋى بوش.

ۋالاقتەگكۇرنىڭ ئاغزىغا ئىت كۇچۇكلەر.
(ھەسەتخورنىڭ ئاغزىدا ئىت كۇچۇكلەر).

ئېغىزىڭ مايلانسا، تىلىڭ باغلىنار.

ئېشىڭغا بېقىپ يە،
ئاغزىڭغا بېقىپ دە.

ئېغىزدىن ئېغىزغا ئۆتسە، يىڭنىمۇ تۇۋرۇككە ئايلىنار.

ئېغىزدىن چىققان سۆز —
ئورنىدىن چاچرىغان كۆز.

ئېغىز — دەرۋازا، سۆز — شامال.

ئېغىز ساقلىغان جاننى ساقلار.

ئېغىز ئېغىزدىن قالماس.

ئېغىزى بىرنىڭ مېغىزى بىر.

ئىشەندۈرەي دېسەڭ خەقنى،
ئالتۇندەك قىل گەپنى.

ئىشەندىم دەپ ئىشىگىدىن قۇرۇق قالما.

ئىشنىڭ ئېپى سۆزدە،
كۆڭۈلنىڭ ئېپى كۆزدە.

ئىشىغا قاراپ ئىشتىھاسىنى بىل،
سۆزىگە قاراپ نىيىتىنى (بىل).

ئىش قىلىشتا بېلى بوش،
گەپ تېپىشتا ئېغىزى قوش.

يامانىنىڭ گېپى يامان،
ئەسكى چاپانىنىڭ مېزى (يامان).

ياخشىنىڭ گېپى ماي بولۇر،
يامانىنىڭ گېپى لاي (بولۇر).

ياخشى سۆز بىلەن يىلان ئىنىدىن چىقار،
يامان سۆز بىلەن قىلىچ قىنىدىن (چىقار).

يالغان گەپنىڭ ئات ئېگىرى توقۇقلۇق.

يامان سۆز ياخشى بولماس،
ياخشى سۆز يامان بولماس.

يالغان ئارىلاشقان سۆز —
چىۋىن ئارىلاشقان ئاش.

يامان گەپ ئاڭلاپ پولۇ يېگەندىن ياخشى گەپ ئاڭلاپ ئۇماچ ئىچكەن خوپ.

ياخشى گەپ ياشنىتار،
يامان گەپ قاقشىتار.

ياخشى سۆز بالدىن شېرىن.

ياخشى سۆز ئىنسانغا سىڭەر،
يامان سۆز هايۋانغا (سىڭەر).

ياخشى سۆز سۆيۈندۈرەر،
يامان سۆز ئۆكۈندۈرەر.

ياخشى بايقاپ سۆزلەر،
يامان چايقاپ (سۆزلەر).

ياخشى تېپىپ سۆزلەر،
يامان كۆپۈپ (سۆزلەر).

ياغاچ قۇلاققا گەپ ئۆتمەس.

ياخشى سۆز ھەسەلدىن تاتلىق.

ياخشىنىڭ ئۆزى ئۆلسىمۇ، سۆزى ئۆلمەس.

ياخشى سۆزگە قۇلاق سال،
يامان سۆزگە ياماق سال.

ياخشىنىڭ گېپى — جەننەت،
يامانىنىڭ گېپى — مىننەت.

ياخشى گەپ ئىسسىتقۇ،
يامان گەپ سوۋۇتقۇ.

ياخشى سۆزنى ئاڭلىماس،
يامان سۆزنى ئۇنتۇماس.

يارىماس گەپنى تىلىڭدىن كۆرمە، دىلىڭدىن كۆر.

يالغان گەپ ئۈچ قېتىم دېيىلسە راستقا ئايلىنار.

يالغان گەپ ئۆزىدىن مەلۇم،
يالغان كۈلكە كۆزىدىن (مەلۇم).

ياخشىنىڭ گېپى لەززەت،
يامانىنىڭ گېپى غەيۋەت.

يالغانچىغا قوشۇلما،
راست سۆزۈڭنى يوشۇرما.

يالغان ئېيتما، ئېيتساڭ ئۇنتۇما.

يالغان سۆز يانچۇققا سىغماس.

يالغان سۆزنىڭ قانىتى قىرىق بولسىمۇ قىرقىلار.

يالغان سۆز سېھىرگەرگە يارىشار.

يالغان گەپ قىل:
بىرى ئىككى مۇسۇلماننى كېلىشتۈرسە،
بىرى ئەر بىلەن خوتۇننى ئەپلەشتۈرسە.

يۇرتقا كەلگەن بۆز ئەرزان،
ئېغىزغا كەلگەن سۆز (ئەرزان).

يۈزۈڭدە كىر بولسىمۇ،
گەپ ـ سۆزۈڭدە بولمىسۇن.

يۈزگە ئېيتقاننىڭ ئەيىبى يوق.

يۈز ئاھانەتتىن بىر تاياق ياخشى.

يۇرەلمىگەن رەت بۇزار،
سۆزلىيەلمىگەن گەپ (بۇزار).

يېمىسەڭمۇ ھەسەلنىڭ گېپىنى قىل.

يىراقنىڭ دېگى يامان.



# پەند-نەسىھەت توغرىسىدا

ئادەمنىڭ تېشىغا باققۇچە، ئىچىگە باق.

ئاشنى سىڭگەندە ماختا،
خوتۇننى ئۆلگەندە (ماختا).

ئاچچىقىڭنى دۈشمىنىڭگە سەزدۈرمە.

ئاز قىل، ئۈز قىل.

ئاچ قالغانغا قازان ئاستۇرما،
مۇزلىغانغا ئوت ياقتۇرما.

ئادەمنىڭ سۆلىتىگە قارىما، ئەمگىكىگە قارا.

ئاۋۋال ئۆزۈڭنى تۈزە،
ئاندىن ئۆزگىنى (تۈزە).

ئالدىمغا كەلدى دەپ يېمە،
ئاغزىمغا كەلدى دەپ دېمە.

ئاش كەلسە ئاغزىڭنى ئاچ،
سۇ كەلسە سۇڭگۈچىڭنى (ئاچ).

ئاتاڭ نەدە ئۆلسە، يىغاڭنى شۇ يەردە يىغلا.

ئاز يىغساڭمۇ ھالال يىغ.

ئاچ كۆزگە ئىش بەرمە،
ۋاپاسىزغا ئاش (بەرمە).

ئاغزىڭ ئەپچىل بولغۇچە، قولۇڭ ئەپچىل بولسۇن.

ئابرۇيۇڭنى كىچىكىڭدىن ساقلا.

ئادەمگە ئىشەنمە، ۋىجدانغا ئىشەن.

ئاتاڭدىن قالسا ئەرزان دېمىگىن،
قولۇڭدىن چىقىرىپ پۇشايمان يېمىگىن.

ئالدىراش ئىشىڭ ئاچما،
ئاچقاندىن كېيىن قاچما.

ئادەمنىڭ چوڭىدىن قورقما، توڭىدىن قورق.

ئالتۇننىڭ رەڭگى سېرىق،
قىزىتما جانغا قېرىق.

ئاق يەردە تۇگمەن تالاشماڭ.

ئاتنى تەپمەيدۇ دېمە،
ئىتنى چىشلىمەيدۇ دېمە.

ئاپەت كۆرمەي دېسەڭ ھوشيار بول.

ئات ئاتاڭدەك بولسىمۇ، قاق قوزۇقنى باغلاپ يات.

ئاز يۇرتقا ھاكىم بولماڭ،
ئاز ئاشقا بۆكەل بولماڭ.

ئالۋاڭنى باردىن ئېلىڭ،
قۇشقاچنى ياردىن (ئېلىڭ).

ئات بېشىغا ئۇرغۇچە، ئاتاڭنىڭ بېشىغا ئۇر.

ئاخۇنلۇقنى دەپ، مەزىنلىكنى تاشلىما.

ئات ئورنىغا ئېشەك باغلىما.

ئاغزىڭغا كەلگەننى بوغۇزۇڭغا يۇتما.

ئاچقاندىن نان سورىغۇچە، ھارغاندىن يول سورا.

ئادەمنىڭ يۈزىگە باقماي، سۆزىگە باق.

ئاتنى ئوغلاقتا سىنا،
كېمىنى دەريادا (سىنا).

ئاتا كەسپىنى خار قىلما،
ۋىجدانسىزنى يار (قىلما).

ئاناڭنى ئۇرما ئۇۋالى بار،
ئاخىرەتتە سوئالى (بار).

ئامەت كەلگەندە ھوشيار بول،
ئامەت كەتكەندە قەيسەر (بول).

ئاتاڭنىڭ بارىدا دوست ئىزدە،
ئېتىڭنىڭ بارىدا يول (ئىزدە).

ئادەمنىڭ لەۋزىگە باقماي، ھەرىكىتىگە باق.

ئادەمنى سىناپ بىل،
تاۋۇزنى چېكىپ (بىل).

ئاش كەلدى ئاغزىڭنى ئاچ،
غەيۋەتتىن نېرى قاچ.

ئايەتنىڭ بېشى بىسمىللا،
گۇۋاھچى بول ھەق ـ لىللا.

ئاتتىن ئايرىلساڭمۇ ئايرىل،
ئېگەر ـ توقۇمدىن ئايرىلما.

ئاچلىقتىن ئۆلسەڭمۇ ئاتا ـ ئاناڭنى تاشلىما.

ئالدىدا ماختىما،
كەينىدە دادلىما.

ئادەم كىرمىگەن ئۆيدىن قورق.

ئات كۆتۈرسەڭ ياخشى بىلەن كۆتۈر،
سۇ كۆتۈرسەڭ بالداق بىلەن (كۆتۈر).

ئاچچىقىڭنى ئەقلىڭ باسسۇن.

ئاپەتكە سەۋەب قىل،
ئامەتنى تەلەپ قىل.

ئاچچىقى يامانىڭ پۇشايمىنى كېيىن كېلۇر.

ئاچچىقى كەلگەنىنىڭ يېنىدا تۇرما.

ئاشناڭغا ئىشەنگۈچە، ئاغىچاڭغا ئىشەن،
ئاغىچاڭغا ئىشەنگۈچە، ئەقلىڭگە ئىشەن.

ئالتۇن ئالماي، دۇئا ئال.

ئالمىنى دەپ ئاناڭدىن قۇرۇق قالما.

ئاچچىقىڭ كۈن بىلەن بىللە پاتسۇن.

ئاز يەپ، كۆپ چاينىغىن،
ئاز سۆزلەپ، كۆپ ئاڭلىغىن.

ئاچلىقتا تۇتقان قاچاڭنى توقلۇقتا تاشلىما.

ئاغزىڭغا قاراپ ئوزۇق ئال،
تانۇقىڭا قاراپ يازۇت (ئال).

ئەمىلىدىن قورقما، ئەلىمىدىن قورق.

ئەتىيازنىڭ ئاپتىپىغا كىلىنىڭنى سال،
كۈزنىڭ ئاپتىپىغا قىزىڭنى (سال).

ئەل بارمىغان يەردە كۆپ يۈرمە.

ئەيىبىڭنى كىشىدىن سورا،
جامالىڭنى ئەينەكتىن (سورا).

ئەرلىككە قاش ئاتما،
قاراڭغۇدا تاش (ئاتما).

ئەجدادلار ئۈچۈن ياش تۆك،
ئەۋلادلار ئۈچۈن تەر (تۆك).

ئەخمەققە ھاسا بولغۇچە، ئىتىمزغا مايسا بول.

ئەخمەقنىڭ پالتىسى بولغۇچە، ئەلنىڭ بالىسى بول.

ئەۋلىيادىن يۈتۈكنى تارت،
پادىشاھتىن تىلىكنى (تارت).

ئەلنىڭ رىزقىنى يىگۈچە، كالىنىڭ تىزىكىنى يە.

ئەسكىنى ئالداپ ئىشلەت،
تاسمىنى مايلاپ (ئىشلەت).

ئەقىللىققا ئىيتما، ئۆزى ئىيتىدۇ،
مەردتىن سورىما، ئۆزى بىرىدۇ.

ئەخمەقنى ئەيىبلىمەي، ئىشىڭغا سال.

ئەتلەس كىيگىنىڭدە بۆز كىيگىنىڭنى ئۇنتۇما.

ئەقىللىققا بەر قۇيماق،
ئەقىلسىزغا بەر توقماق.

ئەقىللىقنى دوست تۇتساڭ مۇرادىڭغا يېتەرسەن،
بەڭۋاشنى دوست تۇتساڭ بەڭۋاش بولۇپ ئۆتەرسەن.

ئەگەشكەندىن قاچ، قاچقاننى قوغلاش.

ئەسكىدىن يا يىلىنىپ قۇتۇل، يا بېرىپ قۇتۇل.

ئەيسامۇ ئۆز يولىغا ماڭار،
مۇسامۇ ئۆز يولىغا (ماڭار).

ئەلگە قىلما خىيانەت،
تۇرالمايسەن سالامەت.

ئەلگە بارساڭ ئېلىپ بار،
يامان خۇيۇڭنى قويۇپ بار.

بالاڭغا ماياق تۇتقۇزما،
مۇتتەھەمگە تاياق (تۇتقۇزما).

باي بولاي دېسەڭ بورداقچى بول،
ئەمەلدار بولاي دېسەڭ پورداقچى (بول).

بازارغا بارىڭنى سالساڭمۇ، ئارىڭنى سالما.

باي بىلەن دوست بولما،
سودىگەر بىلەن شېرىك بولما.

باينى ئىت باسار،
ھۇرۇننى پىت (باسار).

باتۇرنى خار قىلما،
يۇگۇرۇك ئاتنى يېغىر (قىلما).

باشقا جاينى قىلمىغىن ئارزۇ،
باردۇر ئوخشاشلا تاشۇ تارازۇ.

باشتا سۆز بولسا، ئاياغتا ئۇن بولماس.

باش بولماق ئوڭاي، باشلىماق قىيىن.

باي بىلەن ئەمەس، ئەقىللىق بىلەن دوست بول.

بايغا يالۋۇرما، ئۆزۈڭگە يالۋۇر.

باش ئاغرىقى بولاي دېسەڭ دەللال بول.

بەگنىڭ دورغىسىدىن قورق،
خوتۇننىڭ يورغىسىدىن (قورق).

بەگگى بىلەن ئۇرۇشقۇچە ساراڭ بىلەن ئۇرۇش.

بولغاندا بۇزۇلمىغايسەن،
تولغاندا توزۇمىغايسەن.

بوغاز كالا پايخانغا يارىماس،
تەخەيلىك ئېشەك خامانغا (يارىماس).

بولۇشساڭ نانغا بولۇشماي، جانغا بولۇش.

بوينىنى ئېگەلمىسەڭ، قولىنى سۆي.

بوراندا بۇغا ئات،
يامغۇردا دۆم يات.

بۇگۈنكى ئىشنى ئەتىگە قويما.

بېخىلنىڭ قىرىق يەردە هويلىسى بار، قىزىنى ئال.

بېرىپ يامان بولغۇچە، بەرمەي يامان بول.

بىرى پەستىن قورق،
بىرى مۆرىمەستىن (قورق).

بىسمىللا دېسەڭ تېشىڭدا دە،
دېمىگەنلەر دېسۇن.
شۈكۈر قىلساڭ ئىچىڭدە دە،
يېمىگەنلەر يېسۇن.

بىكارغا ماڭما يولۇڭنى،
پۇلسىز قويما قولۇڭنى.

بىلمىگەننى قىلما،
بىلگىنىڭنى پەملە.

بىر هارغانغا گەپ قىلما،
بىر ئاچقانغا (گەپ قىلما).

بىكارغا بەرسىمۇ چايناپ يە،
ئالدى ـ كەينىڭگە قاراپ (يە).

بىلمەن دەپ غادايما،
ئەل ئالدىدا ماختانما.

بىلگىنىڭنى ئەلدىن ئايىما.

پادىشاھتىن كۆزۈڭنى تارت،
ئەۋلىيادىن پۇتۇڭنى (تارت).

پاسىقتىن هايا تىلىمە،
نامەردتىن ۋاپا (تىلىمە).

پالتاڭ كەسمىسە ئوتۇندىن كۆرمە.

پالغا ئىشەنمە، پالسىزمۇ يۈرمە.

پۇللۇقتا خوتۇن كەممۇ،
پالتىلىقتا ئوتۇن (كەممۇ).

پۇلسىز بازارغا بارماڭ،
تاھارەتسىز مازارغا (بارماڭ).

پۈتلاشساڭ داڭگالدىن كۆرمە،
ئۈتۈنۈڭ تۈگسە جاڭگالدىن (كۆرمە).

پۇل تاپقۇچە ھېساب تاپ،
ھېسابتىن ئىلگىرى ئىنساپ (تاپ).

پېلەككە ئالدىنىپ خەمەكسىز قالما،
جۇۋانغا ئالدىنىپ بالىسىز قالما.

تاغارنىڭ تۈۋىدە قالغۇچە، ئاغزىدا قال.

تالا ـ تۈزگە چىقىپ قوي، يېتىۋەرمەي،
دۈشمىنىڭنى بىلىپ قوي، كېتىۋەرمەي.

تاياق تەڭلىگۇچە، بېشىڭنى تارت.

تويغا بارساڭ تويۇپ بار،
يامان خويۇڭنى قويۇپ بار.

تويغا بارساڭ تويۇپ بار،
بەش بالاڭنى قويۇپ (بار).

تويغا بارساڭ تويۇپ بار،
تاۋار ـ دۇردۇن كىيىپ بار.

تويغا بارساڭ تويۇپ بار،
بۆز خالتاڭنى قويۇپ (بار).

تويغا بارساڭ بۇرۇن بار،
بۇرۇن بارساڭ ئورۇن بار.

تەزىم قىلىپ ئاش ـ نان يېگۈچە، تىك تۇرۇپ دەشنام يە.

تاغنىڭ داۋىنىدىن قورق،
ئادەمنىڭ يامىنىدىن (قورق).

تاللىغان تازغا قالار،
يامانلىغان ئازغا (قالار).

تاج كىيسەڭ كونا تۇمىقىڭنى ئۇنتۇما.

تاپتىن چىقما، خاندىن قورقما.

تەلۋىگە چوماق تۇتقۇزما،
نادانغا مەنسەپ (تۇتقۇزما).

تەنگە كىرگەن تىكەننى تىكەن بىلەن ئال.

توپ ئىچىگە تاش ئاتما،
قارىغۇ جۇۋانغا قاش (ئاتما).

تۆمۈرچى بىلەن مۇشتلاشما،
بوياقچى بىلەن چېلىشما.

تۆمۈرنى تاۋلاپ ئىشلەت،
بالاڭنى ئالداپ (ئىشلەت).

تۇخۇمىڭنى بويىغۇچە، مېكىيىنىڭغا باق.

تۇزسىز گەپنى گەپ دېمە.

تۇل بولساڭمۇ قۇل بولما.

تۇلكىنى دورىساڭ، دۇمبادا ئۆلىسەن.

تېرىككەنىڭ جېنىنى ئال.

تىلەمچىدىن پۇل سورىما،
ئەسكىدىن يول (سورىما).

تىنچ ياتقان يىلاننىڭ قۇيرۇقىغا دەسسىمە.

تىغنى ئوينىماڭ، كۆڭۈلنى قوغلاشماڭ.

تىكەننى كىرگەن يەردىن ئال.

تىزلەشكەننىڭ تىزىنى پۈك،
بەللەشكەننىڭ بېلىنى (پۈك).

تىلىڭ كەلمىسە دورىما،
خۇشۇڭ كەلمىسە سورىما.

تىكەن بولۇپ پۇتقا سانجىلغۇچە، گۈل بولۇپ باشقا سانجىل.

تېڭىرقىساڭ تاڭغا يېتەر،
ئەتە قوپساڭ ساڭا يېتەر.

تىلىڭ قىچىشسا ئاغزىڭنى يۇم.

تىيىن يىغساڭ تىلىڭ قىسقا بولماس.

تۇغماس خوتۇن ئالغۇچە،
بويتاق يۇرگىن ئۆلگۈچە.

جايىستاندا پىچاق چىقارما.

جەننەتنى بېرەي دېسىمۇ شەيتانغا ئالدانما.

جېدەلخورغا گۇۋاھچى بولما.

جىڭنى كەم تۇتما، رىزقىڭ كۆيەر،
سامانلىقتا شام تۇتما، ئۆيۈڭ كۆيەر.

جىمىغۇرنىڭ قولتۇقىدا چىشى بار.

جېنىڭنى كېپەككە ساتساڭ سات،
ئابرۇيۇڭنى ئالتۇنغا ساتما.

جېنىڭدىن تويغان بولساڭ پادىشاھقا نەسىھەت قىل.

جىڭ تۇتساڭ چىڭ تۇت.

چاقىرغان يەردىن قالما،
چاقىرمىغان يەرگە بارما.

چايناشقا چىشىڭنى ئىشلەت،
ئويلاشقا بېشىڭنى ئىشلەت.

چەمبەك بولمىسىمۇ، پەمبەك بولسۇن.

چوڭنىڭ گېپىگە كىرمىسەڭ ئېشەكتەك ھاڭرايسەن،
كىچىكنىڭ گېپىگە كىرمىسەڭ ئىتتەك ھۇۋلايسەن.

چېكەڭگە چەكسە چىكىلدىما،
مورەڭنى تارتسا لىكىلدىما.

چىقىشتىن ئاۋۋال چۈشۈشنى ئويلا.

چىشىڭنىڭ ئاقلىقىنى كۆرسەتكۈچە، دىلىڭنىڭ ئاقلىقىنى كۆرسەت.

خاننىڭ ئەلچىسى بولغۇچە، مەردنىڭ قىلىچى بول.

خاتايىڭنى ئېيتقۇچىنى ئاتام دەپ بىل.

خام ياڭاق بىلەن قوينۇڭنى تولدۇرما.

خان ئوغلىغا ئوشۇق ئاتما.

خۇشامەتچى بولماي دېسەڭ تەمەخور بولما.

خائىن ئۆز ئەجىلىدە ئۆلمەس.

خۇدادىن قورققاندىنمۇ قورق،
خۇدادىن قورقمىغاندىنمۇ قورق.

خوتۇنۇڭغا ئىشەنگۈچە، بوسۇغۇڭغا ئىشەن.

خۇداگۇي كىشىنى قوي گۆشى بىلەن باق.

خوتۇن كىشىنىڭ بېدىكى بولغۇچە،
قېتىقچىنىڭ ئىنىكى بول.

خوتۇنى ئۆلگەنگە قىز بەرمە،
ئىنساپسىزغا سۆز (بەرمە).

خىرىس قىلغاندىن قورقما، ھىجايغاندىن قورق.

خىيالچان بولغۇچە، تىرىشچان بول.

خىجالەت بولماي دېسەڭ ماختانچاق بولما.

خوتۇنۇڭنى دەپ ئاناڭنى ئۇنتۇما.

داداڭنىڭ بارىدا بېقىۋال،
ئېتىڭنىڭ بارىدا مىنىۋال.

داڭ كۆتۈرسەڭ ياخشى بىلەن كۆتۈر.

دەۋانى قازى سورىسۇن.

دەرد كېلەر جۇپ، دۆلەت كېلەر تاق،
قاچقاندا بەختىڭ، ئاتا ـ ئاناڭنى باق.

دەردىڭ بولسا بولسۇن، قەرزىڭ بولمىسۇن.

دېڭىزنى بىلەي دېسەڭ بېلىقچىدىن سورا،
ئۆزۈڭنى بىلەي دېسەڭ قوشناڭدىن (سورا).

دىلى بۇزۇقنىڭ يېنىدىن ئۆتمە،
دىلى تۈزۈكنىڭ يېنىدىن كەتمە.

رەمچىگە بەرگەن پۇلۇڭنى بالاڭغا بەر،
تىلەمچىگە بەرگەن ئۇنۇڭنى كالاڭغا بەر.

زاماندىن كۆرمەي ئۆزۈڭدىن كۆر.

زەھەردىن شىپا ئىزدىمە،
ئەسكىدىن ۋاپا (ئىزدىمە).

سانىماي سەككىز دېمە.

ساقىلىغا قاراپ چوڭ دېمە،
سۆزىگە قاراپ توڭ دېمە.

سارالىڭ بىلەن سايە تالاشما،
كالىۋا بىلەن سۆز (تالاشما).

ساقلىقىمدا تىللىماڭ،
ئۆلگىنىمدە يىغلىماڭ.

سالاغا كىرمىگەن مۇسۇلمان ئەمەس.

ساپال ئۇچۇن ساق قالغۇچە، گۆھەر ئۇچۇن كۇكۇم ـ تالقان بول.

سەۋر قىلساڭ شادلىنىسەن،
ئالدىرىساڭ ئالدىنىسەن.

سەيلگە چاقىرساڭ مەيلىگە قويۇپ بەر.

سەپەرگە چىق ياخشى بىلەن،
ئۇلپەتلەشمە باخشى بىلەن.

سەن ئۆزۈڭنى داغلىما، كىشى سېنى داغلىسۇن.

سەن بۆرىنى ئايىساڭ، بۆرە سېنى ئايىماس.

سەھرانىڭ بېگى بولغۇچە، شەھەرنىڭ سېگى بول.

سوزا ئۇيۇڭ تارتمىسا شوتا كالاڭنى ئۇر،
موزىيىڭ يامانلىق قىلسا ئىنىكىڭنى ئۇر.

سۇ تاشسا دۆڭگە چاپ.

سۇنايغا بېقىپ داپ ئۇر،
ئىشىڭغا بېقىپ لاپ (ئۇر).

سۆز قىلساڭ ئاستا قىل تېنىۋالغىلى ياخشى،
يول ماڭساڭ سەھەر ماڭ يېنىۋالغىلى ياخشى.

سىنالمىغان ئاتقا يۈك ئارتما.

سىنالمىغان ئۇلاغنىڭ بېشىنى تۇتما.

سىرداشمىغۇچە سىرىڭنى ئېيتما.

شاخاپچىدا ئاققۇچە،ئۇلۇغ دەريادا ئېقىپ ئۆل.

شوخ بولۇپ قالساڭ مازارغا چىق،
بىكار بولۇپ قالساڭ بازارغا (چىق).

شېرىن دۈشمەن يېنىڭدا بولسا، يولۋاس چاققانلىقى سەندە بولسۇن.

غەم قىلغۇچە پەم قىل.

غورا يەپ دەرد تارتقۇچە، ئالما يەپ ئۆلۈۋال.

قاراپ تۇرغاندىن قورقماي،
ماراپ تۇرغاندىن قورق.

قاراڭغۇدا مۇشت ئاتما،
يامانغا سۆز قاتما.

قارا باشنىڭ بارى ياخشى.

قاسساپ بىلەن ئاغىنە بولاي دېسەڭ، ئىتىغا سۆڭەك تاشلا.

قاتتىق نەرسىنى چىشلىمە،
يولسىز بېرىپ ئىشلىمە.

قايىقى ياماندىن قورققۇچە،
غەرىزى ياماندىن قورق.

قەرزىڭ بولسا تۆلەپ قۇتۇل،
كېسەل بولساڭ ئۆلۈپ (قۇتۇل).

قەلەندەر بولساڭمۇ ئوغرى بولما.

قورقۇنچاقنى قوتاندا قويما،
ھاڭۋاقتىنى پوستا (قويما).

قولۇڭدا قارچىغا تۇرۇپ، «قۇ - قۇ»نىڭ نېمە ئىشى.

دىلىڭدا ئاللا تۇرۇپ، «ھۇ - ھۇ»نىڭ نېمە ئىشى.

قولۇڭدىن كەلسە، تاشنى ماش قىل.

قولۇڭدىن كەلسە ئەلدىن ئايىما.

قولىغا قارىماي يولىغا قارا.

قولۇڭنى سوزغان يەرگە پۇتۇڭنى سوزما.

قۇشقاچنى قار ياغقاندا تۇت.

قۇدۇققا تۈكۈرمە، بىر كۈنى سۈيىنى ئىچەرسەن.

قېرىنى قاپقا سولا،
سۆرەپ يۈرۈپ گەپ سورا.

قىرائەت ئاڭلىساڭ يۈكۈن،
مەستكە يولۇقساڭ مۆكۈن.

قىلغان ئىشىڭ توغرا بولسا،خانىنىڭ ئالدىغا بېرىشتىن قورقما.

قىزىڭنى بىر ئالدىرىغانغا بەر،
بىر ئالدىرىمىغانغا (بەر).

قوشناڭنى ياخشى كۆرسەڭمۇ،
توسۇقنى بۇزۇۋەتمە.

قوشناڭنى ئاشقا ئۆگەتمە،
قوڭۇڭنى ئوسۇرۇققا (ئۆگەتمە).

قىچىرنىڭ كەينىگە ئۆتمە،
كادىرنىڭ ئالدىغا (ئۆتمە).

كاللام كىسىلسۇن دېسەڭ، نادانغا مەنسەپ بەر.

كونا تام تۈۋىدە ياتماڭ، يىقىلسا ئۆلەرسىز،
ئامانەتنى تۇتماڭ، يىتسە تۆلەرسىز.

كۆپ ئىشەنسەڭ پۇلۇڭغا،
سالۋا قونار دولاڭغا.

كۆپ نەرسە بىلەي دېسەڭ، قېرىدىن سورا،
شاگىرتنىڭ ھۈنىرىنى پىرىدىن سورا.

كۆرۈنمىگەن كېيىككە ئوق ئاتما،
قىلالمىغان ئىشقا پو ئاتما.

كۆلدىن چىقىپ قوقاسقا دەسسىمە.

كۆڭلۈك يۈگۈرگەن يەرگە، پۇتۇك يۈگۈرمىسۇن.

كۆڭلۈك قالغان يەرگە بارما.

كۆزۈك بىلەن كۆرۈپ باق،
قولۇڭ بىلەن تۇتۇپ (باق).

كۆرمەي تۇرۇپ ئاق دېمە،
سىنىماي تۇرۇپ ساق (دېمە).

كۈچۈڭنى يەرگە ئىشلەت،
بىلىمىڭنى ئەلگە (ئىشلەت).

كۈلەلمىگەن نېمەڭگە ھىجايما.

كۈلمە كىشىنىڭ دەردىگە،
ساڭىمۇ كېلەر ئەتىگە.

كىشىگە سالماڭ زۇلۇم،
سىزگىمۇ بار قىزىل تۇلۇم.

كىشىنىڭ بىكار سۆزىگە باقما،
ئاتا ـ ئاناڭغا بوينۇڭنى قاقما.

كۆۋرۈك سىپتا بولسا دەسسىمەي ئۆت.

كىشىنى ئاچچىقى كەلگەندە سىنا،
دوستىنى زىيان تارتقاندا سىنا.

كىشىنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى كىشىگە دە،
كىشىنىڭ كەمچىلىكىنى ئۆزىگە (دە).

كىشى ئۇچۇن ئۇرۇشما،
خوتۇن ئۇچۇن تالاشما.

كىشىدىن ئۇيالغۇچە، ئۆزۈڭدىن ئۇيال.

كىرىشتىن بۇرۇن چىقىشنى ئويلا.

كىشىنىڭ پۇلىدا بولساڭ باي،
بولۇر ئاخىر هالىڭ ۋاي.

كىچىك دېمەڭ بالىنى،
ئەقىل تاپار هامىنى.

كېتىمەن دەپ ئوتۇڭنى ئۆچۈرمە.

كىيىمىڭنى ئۆتنىگە بەرمە،
گادايغا قەرز (بەرمە).

گاداي بولاي دېسەڭ كۈندە توي قىل.

گادايلىقىڭدا بايلىقىڭنى ئېيتما،
قېرىغاندا ياشلىقىڭنى (ئېيتما).

گادايلىقتا بايلىقىڭنى ئېيتما،
قېرىغاندا باتۇرلۇقىڭنى (ئېيتما).

گالۋاڭ ئات بىلەن يول يۈرمە.

گاس دەپ غەيۋەت قىلما،
قارىغۇ دەپ خىيانەت (قىلما).

گەپنى تەگسە گەپ چىقار،
كالىنى قوغلىسا پوق (چىقار).

گەپ قىلماڭ خەلپىتىم بار،
چالما ئاتماڭ مازار غوجام بار.

گۇناھىڭدىن غەم قىلما،
ھەممە گۇناھ شەيتاندا.

گۈلنىڭ ئۈزلۈقىغا باقماي، پۇرىقىغا باق.

گۈلباغنىڭ باغۋىنى بول،
خەلقنىڭ غەمخانى (بول).

گېپى چوڭنى ئۆيدە سىنا،
نەپسى يامانىنى تويدا(سىنا).

لايدانغا ئۇرۇق چاچما، پايداڭغا پۇل چاچ.

لالما بولغۇچە سالما بول.

لىڭشىغان كۆتەكنى يارماڭ.

ماختانما غاز،
ھۇنىرىڭ ئاز.

مازار كۆرگەن موللىدىن قورق.

مازاردىن تىلىمەي، بازاردىن تىلە.

ماڭماس ئۇلاغ مىنگۇچە،
يۈگۈرۈپ ماڭغىن ھارغۇچە.

مال ـ دۇنيا ساقلىغۇچە، ئار ـ نومۇس ساقلا.

مەسلىھەت ئالساڭ چوڭدىن،
ئىشلەڭ كېلەر ئوڭدىن.

موللا بولاي دېسەڭ سەھەر قوپ.

موللىنى كاپىر دېمەڭلار، موللا كاپىردىن يامان،
موللىنى كاپىر دېگەنلەر ھەممە كاپىردىن يامان.

موزاينى توسما، قوتاندا توختايدۇ.

موللىنىڭ دېگىنىنى قىل، قىلغىنىنى قىلما.

مىراستىن مۇشت تەگسىمۇ ئال.

مېۋىسىز دەرەخنى قاقما،
گۇمانلىق يەردە ياتما.

مەسچىتكە كىرسىلا موللام دېمە،
ماختاپ قويسىلا دوستۇم دېمە.

نامەردنىڭ كۆۋرۈكىدىن ئۆتكۈچە، مەردنىڭ دەرياسىدا ئۆل.

ناننى چايناپ يە،
سۆزنى ئويلاپ دە.

نەسىھەت ئاڭلىمىغان كىشى نەپرەت ئاڭلار.

نومۇسىڭنى بەرگۈچە، جېنىڭنى بەر.

نېنى يوق چايدىن قاچ،
پۇلى يوق بايدىن (قاچ).

ھالىڭغا بېقىپ ھال تارت،
خالتاڭغا بېقىپ ئۇن (تارت).

ھالىڭغا بېقىپ زىكىر قىل،
ئەلگە بېقىپ پىكىر (قىل).

ھارغۇچە ئىشلە،
قانغۇچە ئوينا.

ھاماچاڭدىن سوراپ شۈمشەيگۈچە،
بىمالال ئىشلەپ يە مۈكچەيگۈچە.

ھاشارغا بارساڭ ساز ئېلىۋال ناغرا بولسىمۇ،
خۇرجۇنۇڭنى توشقۇزۇۋال زاغرا بولسىمۇ.

ھاياتىڭنى دو تىك، ئابرۇيۇڭنى ساقلا.

ھالۋىنى جىق يېسەڭ زاڭ تېتىيدۇ.
(ھالۋىنى كۆپ يېسەڭ ئەمەن تېتىدۇ).

ھەر ئۇچ قەدەمدە ئارقاڭغا باق،
شۇندىلا بولىدۇ بېشىڭ ساق.

ھېيتتا قەرزىڭنى قىستىما،
ماتەمدە ئەرزىڭنى (قىستىما).

ھوشيار بولساڭ خارلىق كۆرمەيسەن.

ھۆسنۇڭ بولسا گۇل قىس،
ھۆسنۇڭ بولمىسا كۆتۈڭنى (قىس).

ھەسەتخوردىن بەختىڭنى يوشۇر،
سۆزمەندىن دەردىڭنى (يوشۇر).

ھۆسنۇڭگە باقما، ئەقلىڭگە باق.

ھەسلىگە باقما، نەسلىگە باق.

ھاۋا ئوچۇق تۇرۇپ ياغقان يامغۇردىن قورق،
يىغلاپ تۇرۇپ سۆزلىگەن خوتۇندىن (قورق).

ئوغرى بىلەن يولداش بولما،
خوتۇن بىلەن سىرداش (بولما).

ئوتنىڭ تېشىدا كۆيگۈچە ئىچىدە كۆي.

ئوڭ قولۇڭنىڭ ئاچچىقى كەلسە،سول قولۇڭ بىلەن تۇتۇۋال.

ئوق يەتمىگەن يەرگە قىلىچ شىلتىما.

ئوڭ قولۇڭ سەدىقە بەرسە، سول قولۇڭ تۇيمىسۇن.

ئوغۇت يىغساڭ كۈندە يىغ ئاز بولسىمۇ،
مەدىكار ئالساڭ كىچىكىنى ئال تاز بولسىمۇ.

ئون ئاچچىقنى بىر پۇلغا ئالما،
پىتنىڭ ئاچچىقىدا چاپاننى ئوتقا سالما.

ئوغرى تۇتساڭ مېلى بىلەن تۇت،
زىناخورنى جۈپتى بىلەن (تۇت).

ئوغرىنىڭ ئالدىدا پۇل - مېلىڭنى ماختىما.

ئۇلۇغ بولساڭ كىچىك بول.

ئۇماچ ئىچسەڭمۇ چايناپ يۇت.

ئۇماچ ئىچسەڭمۇ شۈكۈر قىل.

ئۇلىغىڭ يېغىر بولسا لىڭگىرچاقنى تۈزە.

ئۆتكەن كۈنۈڭنى ئۇنتۇما،
شىرى چورۇقۇڭنى قۇرۇتما.

ئۆزۈڭنى بىل، ئۆزگىنى قوي.

ئۆزۈڭنى چىمدىپ، قوشناڭنى ئوغرى تۇتما.

ئۆلگەننىڭ ئەيىبىنى كوچىلىما.

ئۆزى بىلمىگەننىڭ ئاغزىغا قارىما.

ئۆزۈڭ سەت بولساڭ ئەينەكتىن يامانلىما.

ئۆزۈڭنى باي بىلسەڭ، ئۆزگىنى ئاي بىل.

ئۆزۈڭدىن ئۆزگىنى خىزىر بىل.

ئۆملەپ تۇرۇپ ياشىغۇچە، ئۆرە تۇرۇپ ئۆل.

ئۆلۈمدىن قورققۇچە، ئۇياتتىن قورق.

ئۆتكەن ئىشنى باشلىما،
پىشقان ئاشنى تاشلىما.

ئۆزۈڭنى بىر ماختىساڭ،
دوستۇڭنى ئىككى ماختا.

ئۆز يۇرتۇڭدىن ئايرىلما چەت بولسىمۇ،
ئۆز دوستۇڭدىن ئايرىلما سەت بولسىمۇ.

ئۆيى يوققا ئۆي كۆرسەتمەڭ،
ئۆچكىگە باغ (كۆرسەتمەڭ).

ئۆي تۆتمىغاننى ئۆيگە يولاتما.

ئۆچەكەشنىڭ ئانىسىنى ئال.

ئۆزۈڭنىڭ يامىنىدىن قالما،
كىشىنىڭ ئارزىسىنى يېمە.

ئۆيۈڭدە نېمە بارلىقىنى قوشناڭدىن سورا.

ئۆتۈك قونچىنى تار قىلما،
بەندىنى بەندىگە خار قىلما.

ئۈچ قېتىم سورىمىغۇچە پىچاق بەرمە.

ئۈزۈشنى بىلمىسەڭ سۇغا چۈشمە،
جەڭگە كىرسەڭ بەلنى يەشمە.

ۋاپاسىزغا بېشىم ئاغرىدى دېمە.

ۋاقتىڭنى غەنىيمەت بىل،
تەڭنەڭگە ئىشەنمە.

ئېغىزنى ئاشقا ئۆگەتمە،
ۋاقىتنى ئويناپ تۈگەتمە.

ئېلىپ قاچقۇچە، تېرىپ قاچ.

ئېشەكنىڭ قوڭىغا ئاپتاپ چۈشسە، قولۇڭنى قاقلا.

ئېرىگە ئىشەنگۈچە ئىشكىنىڭ ئىلغۇچىغا ئىشەن.

ئېيىق بىلەن دوست بولساڭ،
يېنىڭدىن پالتاڭنى ئاجراتما.

ئېشەككە قامچا كېرەك،
قويغا ھەيۋە (كېرەك).

ئېتىڭ چاپار ئوغلاقىا،
ھوشيار تۇرغىن موللاقىا.

ئېرىنچەككە تېرىكمە،
ئەقىل كۆرسەت، زېرىكمە.

ئېقىن سۇغا تۈكۈرمە.

ئىشىك ئوچۇق بولسىمۇ، سوراپ كىر.

ئىرغاتقان چوماقتىن قاچ.

ئىشلە ياشلىق چېغىڭدا،
گۈل ئېچىلسۇن بېغىڭدا.

ئېشى يارىسا قاچىسىغا قارىما،
قىزى يارىسا ئانىسىغا (قارىما).

ئىت قوغلىسا سۇغا قاچ،
يىلان قوغلىسا توپىغا قاچ.

ئىت ئۇرساڭ ئىگىسىگە باق.

ئىمانىڭ بولمىسىمۇ، ئىنساپىڭ بولسۇن.

ئىمامنىڭ ئۆمرىنى تىلە،
مەزىننىڭ ئۆلۈمىنى تىلە.

ئىچىدىن ئۇرۇپ ئۆپكىسىنى قاق.

ئىشىك كۆرگەننى ئالماي، بۆشۈك كۆرگەننى ئال.

ئىش قىل ئىپى بىلەن،
نەغمە قىل دىپى بىلەن.

ياڭخىلىقتىن[1] قىز ئالما،
قىز ئالساڭ تېز ئالما.

يارنىڭ تۇرقىغا قارىما، خۇلقىغا قارا.

يامان بىلەن تەڭ بولما، ئىت بولسەن،
كىيىمىڭنى كىر قىلما، پىت بولسەن.

ياماننى ئىشىڭغا يولاتساڭ يولات، قېشىڭغا يولاتما.

يامانغا كېپىل بولما،
ياخشىغا ئۇۋال قىلما.

① ياڭخى — يەر نامى.

ياماننىڭ ئىزىدىن ئاتلىما.

ياخشىنىڭ قەدرىنى ئايرىلغاندا بىلىسەن.

يانغاق بولساڭمۇ، تانغاق بولما.

يات كىشىگە سىر بەرمە،
قىمارۋازغا پۇل (بەرمە).

يالغانچىغا قوشۇلما،
راست گەپنى يوشۇرما.

ياماندىن نېرى قاچ،
ياخشىغا قۇچاق ئاچ.

يامان كۆزدىن يىراق بول.

ياتنى ياتنىڭ قولى بىلەن ئەپلە.

ياتنىڭ شەھرىدە بويۇڭنى قىس،
ئۆزۈڭنىڭ شەھرىدە كۆتۈڭنى (قىس).

يات كۆتىگە پالچىق ئۇر،
يېنىپ چۇشسە يەنە ئۇر.

ياش قوشقاندىن قورقما، باش قوشقاندىن قورق.

ياز دەپ قىشلىقىڭنى تاشلىما،
قىش دەپ يازلىقىڭنى (تاشلىما).

يامانغا گۆردىمۇ قوشنا بولما.

يامانىنىڭ بالىسىنى باققۇچە،
ياخشىنىڭ پادىسىنى باق.

يامانىنىڭ ياخشىسى بولغۇچە،
ياخشىنىڭ يامىنى بول.

ياتقان يېرىڭدىن تايىنىپ قوپما.

ياخشىدىن ئۆگەن، ياماندىن يىرگەن.

يامانغا يولىما، كەمبەغەلنى بۇلىما.

ياتنى يېنىڭغا تارتساڭ تارت، ئىشىڭغا تارتما.

يەردە بولساڭ شىر بول،
كۆكتە بولساڭ بۈركۈت (بول).

يەتتە ئۆلچەپ بىر كەس.

يەكچەشمىنىڭ شەھىرىگە بارساڭ، بىر كۆزۈڭنى قىسىۋال.

يولۋاسقا يولۇقما،
يولۇققاندا ھولۇقما.

يۈنىماسنى يۆلىمە.

يول ماڭساڭ تۈز ماڭغىن ئۇزۇن بولسىمۇ،
ئات ئالساڭ تاي ئالغىن سوكسوك بولسىمۇ.

يول ماڭساڭ تۇز بىلەن ماڭ يىراق بولسىمۇ،
قەدىناسنى تاشلىما قېرى بولسىمۇ.

يوق دېسە، چېلىپ ئىچ.

يولدا ماڭساڭ تىنچ ماڭ،
كىشى بىلەن نە ئىشىڭ.

يۈگەنسىز ئاتقا مىنمە.

يۈزۈڭنى كۆندىن ئۆرۈسەڭ،
سارغايغىنىڭ شۇ.

ياۋاش بولسا، بوش دېمەڭ،
يۇمشاق بولسا، گۆش (دېمەڭ).

يېنى ئاغرىمىغاننىڭ نان يېيىشىگە باق.

يېتىم قىز — كۆتۈڭنى قىس.

يېگى بايغا قەرزدار بولما،
ئەمەلدار بىلەن ئاغىنە بولما.

يېتىپ ئۆلگۈچە، ئېتىپ ئۆل.

يىقىلساڭ زوردىن يىقىل.

يىراقتىكىنى ئارزۇلاپ، يېقىندىكىدىن قۇرۇق قالما.

يىكتە يىپ كۆرمە،
ئايدىڭدا خوتۇن (كۆرمە).

يىراقتىن ئالتۇن ئىزدىگۈچە، يېقىندىن تېزەك تەر.

يىغلىغاندىن قورقماي، كۈلگەندىن قورق.

يىلاننى ئۇرساڭ بېشىغا ئۇر،
ئىتنى ئۇرساڭ تۇمشۇقىغا (ئۇر).

يىلاننىڭ بېشىغا ئۇر،
بالاڭنىڭ كاسىسىغا (ئۇر).



# ئىشچانلىق، ھورۇنلۇق توغرىسىدا

ئاش كەلسە ئىچەر،
ئىش كەلسە قاچار.

ئاسمان ئۆرۈلۈپ چۈشسە، تېگىدە مانتا يەپتۇ.

ئاشنى كۆرسە لېچىن تاز،
ئىشنى كۆرسە قېچىلىق تاز.

ئالدىڭغا ماڭساڭ كەينىڭگە قارا.

ئاپتاپنىڭ چىققىشىغا باق،
سۇنىڭ ئېقىشىغا باق.

ئاش بولسا، ئىش بولمىسا،
ياز بولسا، قىش بولمىسا.

ئالەمنى سۇ باسسا،
مۇغەمبەرنى ئۇيقۇ بېسىپتۇ.

ئاسماندىكى غازنىڭ شورپىسىغا نان چىلاپتۇ.

ئاشلىقى يوقنىڭ چارىكى يوق.

ئەمگەكنىڭ نېنى تاتلىق،
ھۇرۇننىڭ جېنى (تاتلىق).

باتۇر جەڭدە ئۆلەر،
ھۇرۇن كاڭدا (ئۆلەر).

بەرسەڭ يەيمەن،
ئۇرساڭ ئۆلىمەن.

بەڭگى كەندىرگە ئامراق،
ھۇرۇن يەڭگىلگە (ئامراق).

بولۇمسىزنىڭ ئىشى تۈگىمەس،
ۋالاقتەگكۈرنىڭ گېپى (تۈگىمەس).

بولۇمسىزنى بولدۇرالمىدىم،
قاپ ـ قاچىسىنى تولدۇرالمىدىم.

بېلىقنى سۇدىن ئىزدە،
ھۇرۇننى سايدىن (ئىزدە).

بىكار تەلەت كۆپ يەردە،
غەيۋەت ـ شىكايەت كۆپ.

بىكار يېتىپ قەنت يېسەڭمۇ، زاغىرىدەك تېتىماس.

پادىشاھ ھۇ دېسە، ھە ـ ھۇ دېگىن،
تۆ ـ تۆ دېسە، تۆ ـ تۆ دېگىن.

تامچى خىش تاللار،
ھۇرۇن ئىش (تاللار).

تەپسە تەۋرىمەس،
ئۇرسا مۆرىمەس.

توخۇنىڭ تارغىقى يوق،
سوپىنىڭ باغىقى (يوق).

توي ئۇچ كۈن بولار،
ھۇرۇن چۇشكۈن (بولار).

توپان بالاسى كەلسە، ئوشۇقىغا چىقماپتۇ.

تۆگىنىڭ چۆكۈشى دەم ئېلىش،
مەزىنىنىڭ توۋلىشى نەپ ئېلىش.

تىرىشچاننىڭ ئىزى — بايلىق،
ھۇرۇننىڭ ئىزى — سايلىق.

تىرىشچاننىڭ دىلى خۇش،
ھۇرۇننىڭ بېلى بوش.

تىرىشچان ئىشلەپ يەر،
ھۇرۇن چىشلەپ يەر.

چىۋىننىڭ كۆزى پوقتا چۇشەر،
پەرۋاننىڭ كۆزى ئوتقا (چۇشەر).

خورلۇقنىڭ باشلىنىشى ـــ ھورۇنلۇق.

خوتۇن كىشىنىڭ نالىسى تولا،
ھورۇن كىشىنىڭ باھانىسى (تولا).

خۇپتەندىن قېچىپ، تەرەۋىگە يولۇقۇپتۇ.

دادام مازارغا شەيخ،
مەن تەييارغا (شەيخ).

دەريا تېشىپ كەتسە، ئۆردەكنىڭ نېمە ئىشى؟

دۇمباقنىڭ ئاغزى يوغان، ئىچى بوش،
ماختانچاقنىڭ گېپى يوغان، بېلى بوش.

دۇنيانىڭ كېرەكلىكىنى بازاردا بىلدىم،
ئاخىرەتنىڭ كېرەكلىكىنى مازاردا بىلدىم.

زامانەڭ تۈلكە بولسا، سەن ئۇنىڭ قىرغاۋۇلى بول.

سۆزگە كەلگەندە قاپ ـ قاپ،
ئىش دېگەندە بىتاپ.

سۇنىڭ كۆزى قاشتا،
ئاچنىڭ كۆزى ئاشتا.

سۈنىڭ ئىقىشىغا باق،
شامالنىڭ چىقىشىغا (باق).

سۈنىڭ ئىقىشىغا باق،
تۇكىنىڭ يېتىشىغا (باق).

قورساقتىن باشقا قاچام يوق،
خۇدادىن باشقا غوجام ( يوق).

قىمارۋاز ئۇتسام دەر،
ھۇرۇن ياتسام (دەر).

كەمبەغەللىك ئەيىب ئەمەس، ھۇرۇنلۇق ئەيىب.

كەپتەر ئىككى قانات ئۇرۇپ دانغا ئۆگىنەر،
ئادەم نەپ بولسىلا خانغا ئۆگىنەر.

كىسەك كۆتۈرۈشتىن قورقۇپ، كاڭمازا كۆتۈرۈپتۇ.

گەپ دېسە تاغار ـ تاغار،
ئىش دېسە ۋاي بېلىم.

مايلامچى يامغۇر تىلىسە،
پادىچىنىڭ ئاچچىقى كېلەر.

موللا ئوقۇپ يەر،
توخۇ چوقۇپ (يەر).

مۇشۇكياپىلاق كىچىدە ئۇچار،
ھۇرۇن ئىچىدە (ئۇچار).

مېنىڭ ئىتىم ئابدۇغوپۇر،
ئىشنى كۆرسەم قۇلاق يوپۇر.

مېنىڭ قېشىم بار، تېمىم يوق،
مىدىرلايمەن جېنىم يوق،
خۇدايىم بار غېمىم يوق.

ھالاكەتلىك ــــ ھۇرۇنلۇقتىن.

ھاردىم دېسە ھاپاش بولۇپتۇ.

ھەرىكەت قىلغان ھاتەم بولۇر،
ھۇرۇننىڭ ئۆيىدە ماتەم بولۇر.

ھەركىمنىڭ ئۆزىگە،
ئاي كۆرۈنەر كۆزىگە.

ھۇرۇن كۈندە ھەسەل چۈشەر.

ھورۇن كىشىدە ئىدراك بولماس.

ھۇرۇنغا ئىتىزنىڭ قىرى تاغ كۆرۈنەر.

ھۇرۇندىن يەرمۇ بىزار.

ھۇرۇنغا گۆھەر تاغمۇ چاغ كەلمەس.

ھۆرۈننىڭ كۆزى كۈندۈزى يۇلتۇز كۆرەر.

ھۆرۈننىڭ تىلى يېرىم غۇلاچ.

ھۆرۈننىڭ باھانىسى كۆپ،
ئانارنىڭ دانىسى (كۆپ).

ھۆرۈنلۇق — يەتتە هارامنىڭ يىلتىزى.

ھۆرۈننىڭ ئەتىسى ئالدىدا، بۈگۈنى كەينىدە.

ھۆرۈنلۇق ساقايماس كېسەل.

ھۆرۈننىڭ كۈچى تاماق يېگەندە.

ھۆرۈنلۇق — يوقسۇزلۇقنىڭ ئىشكى.

ھۆرۈننىڭ ئەتىسى تۈگىمەس.

ھۆرۈنغا ئۆز ئېتى يوك بىلىنەر.

ھۆرۈننىڭ باھانىسى تولا،
ئىشچاننىڭ چارىسى (تولا).

ھۆرۈننىڭ ئاغزى ئىلدام،
ئىشچاننىڭ ئايىغى (ئىلدام).

ھۆرۈن ئىش دېسە، ئۇچۇق گۆرگە قاچار.

ھۆرۈنغا جەننەتمۇ دوزاخ.

ھۆرۈن باھانىچى بولۇر،
ئۇششۇق دەۋاچى(بولۇر).

ھۆرۈننىڭ ئىمارىتى — قارا سۆگەتنىڭ سايىسى.

ھۆرۈنلۈق ئاچلىقنىڭ ئانىسى،
بىكارچىلىق ئاپەتنىڭ ئاتىسى.

ھۆرۈن خوتۇننىڭ پۇتى كۆلۈڭدا،
ئەخلىتى بۆلۈڭدا.

ھۆرۈن دوق يەيدۇ،
باتۇر ئوق (يەيدۇ).

ھۆرۈن ئادەم بۇ دۇنياغا يۈك.

ھۆرۈن ئىشەك يۈكنىڭ ئېغىرىنى كۆتۈرەر.

ئۆي ئىچىدە يوغان تەلەپ،
كوچا ـ كويدا بىكار تەلەت.

ئۆچكە جان قايغۇسىدا،
قاساپ ياغ قايغۇسىدا.

ئۆتكەن ئىشنى تەگمەك بەڭگىنىڭ ئىشى.

ئۇجمە پىش — ئاغزىمغا چۈش.

ئېرىنچەككە بوسۇغىمۇ داۋان كۆرۈنەر.

ئىش قىلىڭ دېسە چېپىگە تارتار،
ئاش ئىچىڭ دېسە چوكىنى (تارتار).

ئىش ۋاقتىدا ھەييار،
ئاش ۋاقتىدا تەييار.

ئىشچاننىڭ نېنى كۆپ،
ھۇرۇننىڭ غېمى (كۆپ).

ئىشچان مېھنەتتىن كۈلەر،
ھۇرۇن ئاچ قېلىپ ئۆلەر.

ئىشچاندىن تەر چىققۇچە،
ھۇرۇندىن «ئۇھ» چىقار.

ئىشچاننىڭ ياتقۇسى كەلمەس،
ھۇرۇننىڭ قوپقۇسى (كەلمەس).

ئىشچان قىلىدۇ چۆلنى باغ،
ھۇرۇن قىلىدۇ باغنى داق.

ئىشچان ئېشىنى يەر،
ھۇرۇن بېشىنى (يەر).

يازدا لوكچەك،
قىشتا موكچەك.

يازدا ھۇرۇنلۇق قىلساڭ،
قىشتا تىلەمچىلىك قىلىسەن.

ياتقان ئېشەكنىڭ پوقى تەيلىك.

ياغاچنى تۇتقۇزاي دېسەڭ مىخلا،
ھۇرۇننى قوپقۇزاي دېسەڭ زىخلا.

ياتقان ئېشەكنىڭ پوقى جىق.

يەيدىغاندا ئاتلاپ ماڭىدۇ،
قىلىدىغاندا تاتىلاپ (ماڭىدۇ).

يوققا نېمە يوق،
ئېرىقتىكى سۇمۇ يوق.

يېتىپ يېسە تاغمۇ توشماس.



## ئاتا-ئانا ۋە ئائىلە ئەخلاقى توغرىسىدا

ئاتا ـ ئانا ھايات مازار.

ئاتا ـ ئانا دۇئاسى ئوتقا، سۇغا پاتۇرماس.

ئاتا بىلەن دادا يوق،
لاۋا سالغان پاشا يوق.

ئاتا ـ ئاناڭنى ياخشى باقساڭ،
بالىلىرىڭدىن ياخشىلىق كۆرەرسەن.

ئاتاڭنىڭ نەسىھىتىنى بالاڭغا يەتكۈز.

ئاتاڭنىڭ دۇشمىنى ساڭا دۇشمەن.

ئاتىنىڭ تىزگىنىنى بوش تۇتساڭ، ئويناقلار،
خوتۇنىنىڭ تىزگىنىنى بوش تۇتساڭ، نايناقلار.

ئاتقا ئىشىنىپ ئاتلانما،
خوتۇنغا ئىشىنىپ شادلانما.

ئاتاڭ ــ ئاسمان،
ئاناڭ ــ يەر.

ئاتا ـ ئانىسى بارلار ياشارغان دەرەخ،
ئاتا ـ ئانىسى يوقلار سارغايغان دەرەخ.

ئاتا ـ ئاناڭدىن ئايرىلساڭ،
دەردى ـ كارىڭغا يېتەر.

ئاتا — تۈگىلۈك يوچۇقى،
ئانا — يوتقان يوپۇقى.

ئاتا ـ ئانا بارىدا قەدرى يوق،
قەدرىنى بىلگەندە ئاتا ـ ئانا يوق.

ئاتا مېھرى — چىراغ،
ئانا مېھرى — بۇلاق.

ئاتا ـ ئاناڭنى باقمىساڭ، بالاڭ سېنى باقماس.

ئاتا نەسىھەتى ئالتۇندىن ئېغىر،
ئۇنى ئاڭلىمىغانىنىڭ سۆڭىكى يېغىر.

ئاتىنىڭ كۆڭلى ئاغرىسا يەر تىترەر،
ئانىنىڭ كۆڭلى ئاغرىسا ئۆي (تىترەر).

ئاتىلىق ئوغۇل — غوجىلىق قول.

ئاتىسى ئۆلگەن تېغىدىن ئايرىلىپتۇ،
ئانىسى ئۆلگەن بېغىدىن (ئايرىلىپتۇ).

ئاتا ئۆلمەي ئاتا قەدرىنى بىلمەس.
(ئانا ئۆلمەي ئانا قەدرىنى بىلمەس.)

ئاتامنىڭ ئۆلگىنى ئانامغا ياراشتى،
چەلپەكنى ئىتلار تالاشتى.

ئاتامنىڭ تاپقىنى ئاپامنىڭ بارىكاللىسىغا يەتمەپتۇ.

ئاتام مېنىڭ ئاكامچە بار،
ئاكام مېنىڭ يوتامچە بار.

ئاتاڭنىڭ ئىزىنى باساي دېسەڭ، ئۆزۈڭگە ئىزچى تەييارلا.

ئاتاڭنىڭ نەسىھەتىدە تېغىڭ كۆكلەر،
ئاناڭنىڭ نەسىھەتىدە بېغىڭ (كۆكلەر).

ئاتاڭنىڭ باغ ھويلىسى بىلەن قالغۇچە،
ئاپاڭنىڭ پىلتە سېۋىتى بىلەن قال.

ئاتاڭنى ساتقۇچە يوتاڭنى سات.

ئاتاڭ ئاتقان ياتاڭدا پاختا ئات،
يۇمشىمىسا تاشلىۋەتمەي يەنە ئات.

ئاتا كۆرگەن ئوق ياسار،
ئانا كۆرگەن تون پىچار.

ئاتا كەسپى بالىغا مىراس.

ئاتا ـ ئانىنى باققان كىشى،
ئوڭ بولۇر دائىم ئىشى.

ئاتا ـ ئانا ـــ يايرىسا باغ، يۆلەنسە تاغ.

ئاتا ـ ئاناڭ ئۇلۇغ دۆلەت، خىزمەت قىلماي بولمايدۇ،
سەن چوڭ بولۇپ خىزمەت قىلغۇچە ئاتا ـ ئاناڭ قالمايدۇ.

ئاتا ـ ئانام بار يانچۇقۇمدا،
خوتۇن ـ بالام بارساندۇقۇمدا.

ئاتا ـ ئانام بولسا،
ئاغزى ـ بۇرنى بولمىسا.

ئاتا ـ ئاناڭنى مۇرەڭدە كۆتۈرسەڭ،
سىڭلىڭنى بېشىڭدا كۆتۈر.

ئاتا ـ ئاناڭغا چىننىدە بەرسەڭ،
پەرزەنتىڭ تاغارلاپ بېرەر.

ئاتا ـ ئانا داغى قويۇپ يانغۇچە،
بالا ـ چۇلا داغى تاكى ئۆلگۈچە.

ئاتنىڭ يامىنى ئالا،
خوتۇننىڭ يامىنى بالا.

ئات ـ ئۇلاغنىڭ قېرىسى قۇلۇن تايغا ماسقىرا،
ئاتا ـ ئانا قېرىسا بالا ـ چۇلىغا ماسقىرا.

ئاتاڭ بىلەن گەپ تالاشساڭ تەستەك يەيسەن،
ئاناڭ بىلەن گەپ تالاشساڭ سىپكىلەك (يەيسەن).

ئاتىدىن دۇئا ئالغان خار بولماس،
نامەردلەرنىڭ ئالدىدا زار بولماس.

ئاتىلىق يېتىم كۆل يېتىم،
ئانىلىق يېتىم گۈل يېتىم.

ئات ئىزىنى تاي باسار،
ئاتا ئىزىنى ئوغۇل (باسار).

ئاتا يولىنى ئاناڭغا بەرمە.

ئاتاڭ كىم بولسا، سەن شۇنىڭ بالىسى.

ئاتاڭدىن قالساڭمۇ، ئاناڭدىن قالما.

ئاتىمىش كۈن ئاچ قالساڭمۇ، ئاتاڭنى كۈت.

ئاتام ئۆلدى،
ئانام بۆلدى.

ئاتا — بىلەك،
ئانا — يۈرەك.

ئاتاڭنىڭ ئۆلگىنى — تېغىڭنىڭ كۆچكىنى،
ئاناڭنىڭ ئۆلگىنى — چىرىغىڭنىڭ ئۆچكىنى.

ئاتا يىغار، بالا چاچار.

ئاتىغا قالغان ئورىغا قالغان،
ئانىغا قالغان ئۆۋەرگە (قالغان).

ئاناڭدىن ئاڭلىغاننى ئاتاڭغا ئېيتما.

ئازىندا ئاناڭغا باق،
يەكشەنبىدە ئاتاڭغا (باق).

ئاتا بولمىغان ئاتا قەدرىنى بىلمەس.

ئاتا ـ ئانا چۈمۈلىدەك يىغار،
بالا ـ چاقا توخۇدەك چاچار.

ئاتىسى غورا يېسە، بالىسىنىڭ چىشى قامار.

ئايال يەردىن چىقمىغان، ئۈمۈ ئەرنىڭ بالىسى،
ئەرمۇ كۆكتىن چۈشمىگەن، ئايال ئۇنىڭ ئانىسى.

ئالتۇن باش ئاتىدىن پاخپاق باش ئانا ياخشى.

ئانا بۆلەك، دادا باشقا قېرىندىشىم،
سىز ئۆلسىڭىز مېنىڭ نېمە ئىشىم.

ئاناڭ ئۆگەي بولسا، تويۇڭ بۇزۇلۇر.
ئاتاڭ ئۆگەي بولسا، خۇيۇڭ بۇزۇلۇر.

ئانىسى ساغلام بولسا، بالىسى پاقلان بولۇر.

ئانىسىنى خارلىغان يارغا بېسىلىپ ئۆلەر.

ئانىسى ھىيلىگەر يوپقا ياپار،
ئوغلى زېرەك قۇشلاپ ئالار.

ئانامدا بار دېگەنگە ئۇ مۇڭگۈز،
دادامدا بار دېگەنگە بۇ مۇڭگۈز.

ئانا ئايىغىدا جەننەت بار.

«ئانا» دىن ئۇلۇغ سۆز يوق.

ئانا رازى — خۇدا رازى.

ئات — ئاتىدىن،
ئادەم — ئانىدىن.

ئايالىڭ ھۇرۇن بولسا، ئاق ئۇندا يوبدان ئېتەر.

ئايالىڭغا بالاڭ يوق يەردە ئەقىل كۆرسەت،
بالاڭغا ئادەم يوق يەردە ئەقىل كۆرسەت.

ئايالنىڭ قىلغىنى ئەرگە بولىدۇ،
ئەرنىڭ قىلغىنى يەرگە (بولىدۇ).

ئايال كىشى ئۆيدە ئاچ قالماس،
موزاي سامانلىقتا (ئاچ قالماس).

ئالتۇنلۇق ئۆيدىن كۆڭۈلنىڭ تىنچلىقى ياخشى.

ئاكىسى بارنىڭ ياقىسى بار.

ئاق قۇشقاچنىڭ تۇغقىنى يوق،
تۇغقانسىزلىققا ئۆلگىنى (يوق).

ئاغىدا قالدىڭ — ئېغىلدا قالدىڭ،
يەڭگىدە قالدىڭ — يېغىدا قالدىڭ.

ئاخشىمى خوتۇننىڭ سۆزى راست،
كۈندۈزى ئانىنىڭ سۆزى (راست).

ئاختامىلىقنىڭ چالمىسى يامان،
خوتۇن كىشىنىڭ لالمىسى (يامان).

ئابدالنىڭ ئىشەك ئۇنى، تام بېشىدا تونۇرى.

ئاكا ـ ئۇكىنىڭ ئارازى بولسىمۇ، بىزارى بولماس.

ئالدىرىغان خوتۇن ئېرىگە سالام قىلار.

ئاخشاملىقتا قوي سويسا دېۋانە كاۋاپ دەيدۇ،
ئەسكى خوتۇننى جىق ئۇرسا ساۋاب دەيدۇ.

ئايال كىشىنىڭ قولى كۆسەي، چېچى سۈپۈرگە.

ئانىسى بالىسىنى داڭلاپ كەلسە، بالىسى ھاڭراپ كەپتۇ.

ئاكامنىڭ دەرمەن،
يەڭگەم بەرسە يەرمەن.

ئادەمنىڭ مېۋىسى ــــ بالا.

ئاغىنىڭ چوڭى ــــ ئاتا،
ئاچىنىڭ چوڭى ــــ ئانا.

ئاي ئۆتمەي ئېتىڭنى ماختىما،
يىل ئۆتمەي خوتۇنۇڭنى (ماختىما).

ئاۋۋال ئادەم بول، ئاندىن ئۆيلۈك بول.

ئەرلىك خوتۇننىڭ يۈزى تۆۋەن.

ئەقىللىق ئېتىنى ماختار،
ئەخمەق خوتۇننى (ماختار).

ئەر قېرىسا كۆچىدىن قالار،
ئايال قېرىسا كۆنچىلىكتىن (قالار).

ئەرنىڭ كۆڭلى ھىممەتلىك.

ئەر ئىشچان بولسا، چۈمۈلىدەك تىرىشىپ تاپار،
خوتۇن ھۇرۇن بولسا، توخۇدەك چاچار.

ئەرگە قىلساڭ ئەرسىز قالۇرسەن،
يەرگە قىلساڭ يەرسىز قالۇرسەن.

ئەركىشى تۆشۈككە ئارىلاشسا، سۈپرىدا ئۇن قالماس.

ئەرنى خارلىماڭ، ئەر خارلىقى تارتمىسۇن،
يەرنى خارلىماڭ، يەر خارلىقى تارتمىسۇن.

ئەر قىلسا يەرگە،
خوتۇن قىلسا ئەرگە.

ئەر قېرىسا جاڭجالچى بولۇر،
خوتۇن قېرىسا يالغانچى (بولۇر).

ئەر قېرىنداش پىچاقلىشۇر،
قىز قېرىنداش قۇچاقلىشۇر.

ئەر كۆڭلىسە ئۆي تۈزىلەر،
خوتۇن كۆڭلىسە ئۆي بۇزۇلار.

ئەر كىشى تۇڭلۇك ياپقۇچ،
ياخشى خوتۇن كۆڭۈل ئاچقۇچ.

ئەر نەدە بولسا، خوتۇن شۇ يەردە.

ئەرنىڭ پەلكىتى[1] ھېساباتچى،
خوتۇننىڭ پەلكىتى غەيۋەتچى.

ئەرنىڭ تۇغقىنى تۆردە يېتىپ ئاچ قالار،
خوتۇننىڭ تۇغقىنى ئوچاق تۈۋىدە كۆپ بولار.

---

① پەلكەت ــ يامان، ئەسكى، ناچار.

ئەرنىڭ راھىتى خوتۇن،
قىشنىڭ راھىتى ئوتۇن.

ئەرنىڭ قاپچىسى خانغا ياراق،
خوتۇننىڭ قاپچىسى ئەرگە (ياراق).

ئەر يەكلىگەننى ئەل يەكلەر.

ئەسكى خوتۇن يامانلىسا ئوچاق بۇزار.

ئەسكى ھارۋا يول بۇزار،
ئەسكى خوتۇن ئۆي (بۇزار).

ئەر قىلسا بالىغا،
خوتۇن قىلسا ئۆيگە.

ئەقىللىق خوتۇننىڭ سادىغىسى بول.

ئەقىلسىز بالا — باشقا بالا.

ئەلدىن كەتتىڭ — بەلدىن كەتتىڭ.

ئەۋلادى ئەمەل تۇتسا، ئەجدادى شۆھرەت تېپىپتۇ.

بالىنى كىچىكىدىن ئۆگەت،
خوتۇننى يېڭىسىدىن (ئۆگەت).

بالىنى ياشتىن ئۆگەت،
خوتۇننى باشتىن (ئۆگەت).

بالىسىزغا بالا بەر.

بالىنى كىم باقسا، ئانىسى شۇ.

بايلىق مىراس ئەمەس،
يوقسۇزلۇق ئۇيات (ئەمەس).

باللىق ئۆيدە سىر ياتماس.

بالا بېقىش پەرز،
ئاتا ـ ئانا بېقىش قەرز.

بارار يېرى قالمىغان باجىنىڭ ئۆيىگە بارار.

باي داداڭ بىلەن قالغۇچە،
چاقچى ئاناڭ بىلەن قال.

بالا كىچىكىدە ئەمچەككە ئامراق،
چوڭ بولغاندا يانچۇققا (ئامراق).

بالا تاپمىغۇچە بالىنىڭ مېھرىنى بىلمەس،
بالا تاپمىغۇچە ئاتا ـ ئانىنىڭ قەدرىنى بىلمەس.

باللىق ئۆي ـــ بازار،
بالىسىز ئۆي ـــ مازار.

باللىق ئۆي ـــ گۇلىستان،
بالىسىز ئۆي ـــ گۆرىستان.

بالىلىقنىڭ نەپسى چويلا،
بالىسىزنىڭ نەپسى كويلا.

بالاڭ ئۇرغان زىيانغا يىغلىما،
بالاڭغا يېتىدىغان زىيانغا يىغلا.

بالىسى بارنىڭ قورسىقى چويلا،
بالىسى يوقنىڭ قورسىقى تولا.

بالىسىزنىڭ مېلى هارام،
ئانىسىزنىڭ جېنى (هارام).

بالدىز بالدىن تاتلىق.

بوۋاق دادىسىنى ئۈچ كۈندە تونار،
ئانىنى قىرىق كۈندە (تونار).

بويتاقنىڭ ئۆيىدىن بوران چىقار.

بۇغداينى ئۇن ئەيلىگەن ئىككى تاشتۇر،
يۈرەكنى خۇن ئەيلىگەن قېرىنداشتۇر.

بېشەم خوتۇندىن ئالۋاستى قورقار.

بېشەم خوتۇن ئىتى بىلەن تەڭ قاۋار.

بېگىم قۇتۇلغانغا خۇش،
خېنىم يامانلىغانغا (خۇش).

بېگىنىڭ ئۆچ بولسا، بوز پاقلىنىڭغا قازا،
خوتۇنۇڭ ئۆچ بولسا، قازنىڭغا (قازا).

بىر پېلەكتە مىڭ خەمەك،
ھەرخەمەكنىڭ تەمى بۆلەك.

بىر ئاتا ئون بالىنى باقار،
ئون بالا بىر ئاتىنى باقالماس.

بىر قورساق قۇچاقلىشۇر،
يات قورساق پىچاقلىشۇر.

بىر كۈن ئۇرۇش بولغان ئۆيدىن قىرىق كۈن بەرىكەت قاچار.

بىرگە تەگكەن ياخشى،
ئىككىگە تەگكەن باخشى،
ئۈچكە تەگكەن پاخشى.

بىزنىڭ ئۆيدىن كۈنچى چىقتى،
ئۇنىڭ ئۆيىدىن ئوتۇنچى (چىقتى).

پوشكالنى كۆرۈپ بالىدىن كېچىپتۇ.

پۇل ياندا ياخشى،
خوتۇن ئۆيدە (ياخشى).

پېشكەل ئادەم بالاغا يېقىن،
يامان خوتۇن تالاغا (يېقىن).

پىيازنىڭ كۆكىگە قارىما، بېشىغا قارا،
ئۆگەينىڭ گېپىگە قارىما، بەرگەن ئېشىغا قارا.

تام ساڭا گەپ قىلدىم، توروۇس سەن ئاڭلا،
قىزىم ساڭا گەپ قىلدىم، كېلىنىم سەن ئاڭلا.

تاش پاناھ بولۇر،
كۈيئوغۇل پاناھ بولماس.

تاشنىڭ ئېغىرى سايدا،
خوتۇننىڭ ئېغىرى ئۆيدە.

تاماقنىڭ تېز پىشىشى ئوتۇندا،
ئۆينىڭ بەرىكىتى خوتۇندا.

تاي بولسا، ئات تىنۇر،
ئوغۇل بولسا، ئاتا تىنۇر.

تېنى باشقا ئاغرىقنى بىلمەس،
ئۆيى باشقا ھال بىلمەس.

تېرىغىلى قات ياخشى،
مۇڭداشقىلى دوست (ياخشى).

تەلەيلىكنىڭ خوتۇنى ئۆلەر،
تەلەيسىزنىڭ ئۆيى كۆيەر.

تۇڭلۇكلۇك ئۆيدىن تۈمەن مىڭ ئىش ئۆتەر.

توخۇ دەرمىش قىز تۇغسام قېشى يوق،
ئوغۇل تۇغسام بېشى (يوق).

توينى چوڭ قىلغۇچە، ئۆيۈڭنى چوڭ قىل.

تولا ئەرگە تەگكەن خوتۇننىڭ ياقىسى چىت،
تولا خوتۇن ئالغان ئەرنىڭ ياقىسى پىت.

تۇغقانغا تۇغقان يېپىشار،
ياتقا بالا (يېپىشار).

تۆگىنىڭ نارى ياخشى،
خوتۇننىڭ بارى (ياخشى).

تۇرنا تۇغۇلغان كۆلگە قايتار.

تىرناقچە ياخشى ئىش قىلسا ئەر،
ياخشى ئايال ئۇنى كۆپكە دەر.

جاھاننى بۇزغان چېقىمچى،
كېلىننى بۇزغان بېقىمچى.

چوڭنىڭ بەرگىنى — خۇدانىڭ بەرگىنى.

چىرايلىق خوتۇن ئەر يارىشىقى،
ئاقىل خوتۇن ئەل يارىشىقى.

چىرىغىڭ ئۆچسە ئۆچسۇن،
ئاتاڭنىڭ روھى ئۆچمىسۇن.

خەقنىڭ تىكەن، ئۆزىنىڭ گۈل.

خورىكى بارنىڭ مۈنكى بار.

خوتۇنى غار بولسا، ئېرى خار بولۇر.

خوتۇنۇڭ ئۇرۇشقاق بولسا، جاھاننىڭ تىنچلىقىنى بىلمەيسەن.

خوتۇننىڭ ئۇۋالى ئەرگە،
ئەرنىڭ ئۇۋالى يەرگە.

خوتۇننىڭ تاپقان پۇلى ئىشىك بېشىدا ئېسىقلىق،
ئەرنىڭ تاپقان پۇلى بوسۇغا تۇۋىگە تاشلاقلىق.

خوتۇننىڭ پۇلى — پەنجىرە.

خوتۇن كىشىنىڭ ئوچىقى بىلەن چاقىغا تەگمە.

خوتۇن كىشى تىل بىلەن تۇل قالار.

خوتۇن — بويۇن،
ئەر — باش.

خوتۇن ئەركە بولسا، ئېرىگە تېكە بولار.

خوتۇن ئالدىم،
ئۇستۇمگە ئوتۇن ئالدىم.

خارلىساڭ خوتۇن كېتەر،
بويتاقلىق ساڭا يېتەر.

خوتۇن لاپقا ماڭار،
ئۇستىرا كاپقا (ماڭار).

خوتۇنۇڭنىڭ قانداقلىقىنى بىلەي دېسەڭ، قوشناڭ بىلەن ئۇرۇشقاندا كۆر.

خوتۇنى سوقۇشقاق ئادەم ئالەمنىڭ تىنچلىقىنى بىلمەس.

خەمەك پېلەكتىن يىراق چۈشمەس.

دادىسىنى خارلىغان داردا ئۆلەر،
ئانىسىنى خارلىغان ياردا (ئۆلەر).

دادامنىڭ باھانىسىدە ئانام سۇغا چۈشۈپتۇ.

دادام جاپادا،
ئۆزۈم تامادا.

دەريانىڭ لېۋىدە تۇرۇپ ئۇسسۇز قاپتۇ،
تاغنىڭ تۈۋىدە تۇرۇپ تۇزسىز قاپتۇ.

دوكىنى گۆر ئوڭشايدۇ،
گومۇشنى خوتۇن (ئوڭشايدۇ).

دۇنيادا ھەممىدىن قاتتىق يوقسۇزلۇق،
تاتلىقلىقتا ئەر ـ خوتۇنچىلىق.

دىتسىز ئايالنىڭ پەمى يوق،
ئەتكەن ئېشىنىڭ تەمى يوق.

دېھقاننىڭ كۆڭلى بىر يەردىن خۇش بولۇر،
بىر خوتۇندىن خۇش بولۇر.

دېھقاننىڭ ئوبدىنى يېرىنى باقۇر،
خوتۇننىڭ ئوبدىنى ئېرىنى (باقۇر).

سارايدا يېتىپ ساتماڭنى ئەسلە.

سەركە سۇ ئىچسە، ئوغلاق توڭلار.

سىلاشقاندا يات ياخشى،
يىغلاشقاندا ئۆز (ياخشى).

شەرم ـ ھايا ــ ئىمان بىلەن،
ئۆي بەرىكىتى ــ مېھمان بىلەن.

شورپىنى قىزىڭغا قايناتقۇز،
تالقاننى كېلىنىڭگە قورۇت.

غەزەل چىقسا شوخلۇقتىن،
جېدەل چىقار يوقلۇقتىن.

قاتتىق گەپ قىلساڭ قېتىۋالىدۇ،
يۇمشاق گەپ قىلساڭ يېتىۋالىدۇ.

قاشقا سانسا كۆزگە،
كىشىگە سانسا ئۆزگە.

قاغا جىگدىنىڭ مېۋىسى تولا،
ھۆرۈن خوتۇننىڭ ھىيلىسى (تولا).

قاغا بالام ئاپئاق،
كىرپە بالام يۇمشاق.

قالاي دېسەم ئوتۇن يوق،
ئۆيگە كىرسەم خوتۇن يوق.

قەرزىڭ بولسا بېرىپ قۇتۇل،
يامان خوتۇندىن ئۆلۈپ قۇتۇل.

قوزا سوياي دېسەم يوق،
ئوغلاق سوياي دېسەم سوغ.

قوڭغۇزنىڭ بالىسىمۇ ئۆزىگە ئاق.

قۇرۇق ئوتۇن — ئىلدام خوتۇن،
ھۆل ئوتۇن — گالۋاڭ خوتۇن.

قۇرۇق ئوتۇنغا ئوت كېتىدۇ،
بۇزۇق خوتۇنغا سوت (كېتىدۇ).

قۇشۇم بولسا قۇشلايمەن،
خوتۇن ئالسام مۇشتلايمەن.

قۇرۇق ئوتۇننىڭ خۇۋلۇقىدىن ئوچاقتا چۆگۈن قاينار.

قۇشقاچ قېرىسا جاغجاق بولار،
جۇگان قېرىسا شاللاق (بولار).

قۇلىقىمنى سوتلىما، گەپ تۇماقتا.

قۇيرۇقى ئۇزۇن ئۇششۇمەس،
خوتۇنى ئوبدان شۇمشەيمەس.

قېرىنداشنىڭ ئوتى يامان.

قېينانام كەلسە كەلسۇن،
بۆز خالتىسى كەلمىسۇن.

قېرى بار ئۆيدە خىزىر بار.

قېينانىنىڭ نېنىنى يېيىش ئۇچۇن،
قۇلىقىڭنى گاس، كۆزۈڭنى كور قىل.

قېرى بىلگەننى پەرى بىلمەس.

قېينانىنىڭ نېنىنى يېيىشكە تۆمۈردىن چىش كېرەك.

قېينانامنىڭ گېپى يامان،
قېينىگىچەمنىڭ پوقى (يامان).

قېرىنداشتىن قارىنىم ياخشى.

قېيناتا — ئاتا بولماس،
قەغەز لاتا (بولماس).

قىرىنداش دېسە قارىمىغان، قۇدا دېسە قاراپتۇ.

قېرىلىق بېشىڭغا يەتسە، تاڭ ئاتمىغان تۈن بىلەن تەڭ.
خوتۇنۇڭ ئۇرۇشقاق بولسا، بۇلۇتلىغان كۈن بىلەن تەڭ.

قىزنىڭ كۆڭلىنى سىندۇرساڭ، ئوغۇلنىڭ كۆڭلى ئۆسەر.

قىزىڭنى ئەر ئالمىسا، بۇزۇلغان گۆش.

قىزىڭنىڭ قولىغا باق،
ئوغلۇڭنىڭ يولىغا (باق).

قىزىم يەپ قىرغا چىقتى،
ئوغلۇم يەپ ئوۋغا (چىقتى).

قىزىمنىڭ بالىسى — هاي - هاي ئۆزۈمنىڭ بالىسى،
ئوغلۇمنىڭ بالىسى — ۋاي - ۋاي ئۇنىڭ ئانىسى.

قىزىمنىڭ بالىسى قىرغاۋۇل بالىسى،
ئوغلۇمنىڭ بالىسى ئوغلاق بالىسى.

قىزىم ساڭا ئېيتاي، كېلىنىم سەن ئاڭلا.

قىزىلنى كۆرۈپ قىز بېرىپتۇ.

قىزىلتۇمشۇق چىكان بولۇر،
جېدەل - غوۋغا قىزدىن بولۇر.

قىزنى ئانىسى ساقلىسۇن،
ئوغۇلنى ئاتىسى (ساقلىسۇن).

قىزىڭنى ئەر ئالمىسا قوشناڭدىن كۆر.

قىزى بارنىڭ نازى بار.

قىزلىق ئۆي — خان كۆۋرۈكى.

قىزغانچۇقنىڭ ئېشىنى بېسىپ يە.

قىزغانچۇق ئادەم ئىشىكىنى يېپىپ تۇرار،
كىشى كىرگەندە چۆمۈچىنى قازانغا ئۇرار.

قىرىپ يېسە قىرىق كۈن يېتەر،
ئويۇپ يېسە ئون كۈن يېتەر.

قىزىڭ چوڭ بولسا گەپ تولا،
ئوغلۇڭ چوڭ بولسا نەپ تولا.

قىش ئوچىقى تار،
قوپ ئۆيۈڭگە بار.

قىز بالا تالادا ياخشى،
ئوغۇل بالا نەغمە ـ ناۋادا (ياخشى).

قىزىمنىڭ بالىسى ئانارنىڭ دانىسى،
ئوغلۇمنىڭ بالىسى ۋاي ئۇنىڭ ئانىسى.

قىز چوڭ بولسا خۇيلۇق بولىدۇ،
ئوغۇل چوڭ بولسا بويلۇق (بولىدۇ).

قىز بالا ئاتىغا ئامراق،
ئوغۇل بالا ئانىغا (ئامراق).

قىز ساقلىغۇچە تۇز ساقلا.

قۇداڭدىن قورققۇچە، خۇدادىن قورق.

كاداڭ خوتۇن ساندۇقتا ئۇن ساقلار،
زېدى يامان قورسىقىدا غۇم (ساقلار).

كۆپ بولسا سەپلە،
ئاز بولسا ئەپلە.

كۆكسى كېرىك خوتۇن ئەر ئۆلتۈرەر،
ئاق تۇمشۇق ئارقال ئات ئۆلتۈرەر.

كۈيئوغۇل كەلدى ــــ خان كەلدى،
ئامبىرىڭغا دان كەلدى.

كۈيئوغۇل يامان بولسا قىزىڭدىن كۆر،
كېلىنىڭ يامان بولسا ئوغلۇڭدىن (كۆر).

كۈيئوغۇل بالا بولماس،
ئۆپكە ـ قېرىن ماي بولماس.

كېلىن كەلدى ــــ يېلىن كەلدى.

كېلىنىنىڭ ئايىغىدىن،
قويچىنىڭ تايىقىدىن.

كېلىنىڭگە نېمە قىلساڭ،
قىزىڭدىن شۇنى كۆرىسەن.

كېلىنىنىڭ ياخشىسىنى ئاچ، يامىنىنى ياپ.

كېلىنىڭنى كەلگەندە كۆر،
بۆكىنى كىيگەندە (كۆر).

كېلىننى كەلگەندە كۆر،
يېغىنى چاپقاندا (كۆر).

كىمنىڭ خوتۇنى ئەسكى بولسا، شۇ بالدۇر قېرار.

كىچىك بالا بىر توغرام نانىنىڭ قۇلى.

كىشىنىڭ خوتۇنى قويۇن ئىللىتماس.

كىشىنىڭكىنى بۇلاپ ـ تالاپتۇ،
ئۆزىنىڭكىنى سىقىپ يالاپتۇ.

كىشىنىڭ ئويىنى كىشى بىلمەس.

كىشىنىڭ ئۆردىكىنى ئالساڭ، غېزىنىڭ غېمىدە بول.

كىچىك بالا ئۆي چىرىغى.

كىشى تۇغۇلغان جايدا ئەزىز.

گاچا قىزنىڭ تىلىنى ئانىسى بىلەر.

لىڭشىغان ئوتۇندىن قورق،
غىڭشىغان خوتۇندىن (قورق).

ماڭا كۆيگۈچە بالاڭغا كۆي،
مېنى سۆيگۈچە ئېرىڭنى سۆي.

ماقتام خوتۇن — ئاش بولماس.

مەن كۆيەرمەن بالامغا،
بالام كۆيەر بالىسىغا.

مۈشۈكۈمنىڭ پۇلى يوق گۆشكە ئامراق،
قېينانامنىڭ چىشى يوق تۆشكە (ئامراق).

مۈشۈكى ياخشى ئۆينىڭ تاغىرى پۈتۈن،
ئاتىسى ياخشى ئۆينىڭ نېنى (پۈتۈن).

مېنىڭ ئېتىم بېگىلى،
ئەرگە تەگدىم يېگىلى.

مېكىينىنى يوق خوراز تولا چىللار.

نامىم چىقسۇن دېسەڭ ئاناڭنى كۈت،
ئۆز يۇرتۇڭنىڭ يۈكىنى يۈد.

— نەۋرە نېمە بېرەر؟
— چىچىپ پوق بېرەر.

ھەر ئۆينىڭ مورىسى باشقا.

ھارۋا ماڭغان يول تار بولماس،
ئوغلى كۆپ ئادەم خار بولماس.

ھۆرۈن تېرىمچى يەردىن ئاغرىنار،
بۇجۇمبۇش خوتۇن ئەردىن (ئاغرىنار).

ھايالىق خوتۇن ئىشىگىغا قارايدۇ،
ھاياسىز خوتۇن يېشىگىغا (قارايدۇ).

ئوچىقىمنىڭ چىشى يوق،
ھۆل - قۇرۇق بىلەن ئىشى يوق.

ئوسسامغا لايىق قېشىم يوق،
قاچامغا لايىق ئېشىم (يوق).

ئوغۇل — ئاتىغا قويۇلغان يۆلەك،
قىز — ئانىغا ئېسىلغان چېچەك.

ئوغلۇم بولسا ئوچاقتەك،
قىزلار كېلەر قونچاقتەك.

ئۇتۇن ئۇڭلۇق — خوتۇن ئوڭلۇق.

ئوغلى بارنىڭ ئىزى بار،
قىزى بارنىڭ نېزى بار.

ئويناشسا ئۆكسى ئۆتار،
چىڭداشسا ئاكىسى (ئۆتار).

ئويماقسىز خوتۇن بولماس،
لەقەمسىز ئەر (بولماس).

ئويناقلىغان ئايالغا ئىشەنمە،
يىغلىغان ئەرگە ئىشەنمە.

ئوغۇلنىڭ مەردلىكى ئاتىغا تالىق،
قىزنىڭ ئۈزلۈقى ئانىغا تالىق.

ئون ياتتىن بىر تۇغقان ئەلا.

ئوغۇل تۇغۇلسا ئۆزىدىن كۆرەر،
قىز تۇغۇلسا خوتۇنىدىن كۆرەر.

ئوغۇل تاغىنى دورار،
قىز ھاممىنى (دورار).

ئوغۇل بالا قەرز كۆتۈرەر،
ئۆلۈك توپا (كۆتۈرەر).

ئوغلى ئۆچتە قالدى،
قىزى دۆشتە (قالدى).

— ئوت نەدە كۆيىسەن؟
— تۇل خوتۇننىڭ بېشىدا.

ئويماقسىز خوتۇن بولماس،
چىقىمسىز ئەر (بولماس).

ئويۇندىن ئويماق چىقىدۇ،
قازاندىن قۇيماق (چىقىدۇ).

ئوغلۇڭ چوڭ بولسا يىگىتلىكىڭنى ئالار،
قىزىڭ چوڭ بولسا جۇۋانلىقىڭنى (ئالار).

ئوينىشى كۆپنىڭ ئۆلۈمى تېز.

ئوينىشىغا ئىشەنگەن ئۆيسىز قالار.

ئورۇشقاق خوتۇن ئەرنى قېرىتار،
ئاغۋاقار يىلتىزى يەرنى (قېرىتار).

ئورۇشقاق بالا پۇتقا چۇشەك.

ئورۇق - تۇغقان بولسا ئەپ،
تېگەر ئۇندىن نۇرغۇن نەپ.

ئۆزۈم كېلىن چېغىمدا قېيىنانامدىن قىلدىم شىكايەت،
ئەمدى بولدۇم قېينانا، كىمگە قىلاي ھېكايەت.

ئۆيلۈك - ئوچاقلىق بولماي، ئىسسىق قۇچاقلىق بولماس.

ئۆينىڭ بەرىكىتى خوتۇندىن،
قازاننىڭ بەرىكىتى ئوتۇندىن.

ئۆيۈڭ بولسا ھېيت كۈندىكىدەك،
ئېرىڭ بولسا توي كۈندىكىدەك.

ئۆچكە باشلىغانغا قوي ھارار،
خوتۇن باشلىغانغا ئەر (ھارار).

ئۆپكە ـ قىرىن گۆش ئەمەس،
ئىككى يەڭگە ئەپ ئەمەس.

ئۆگەينىڭ ئىتى قورۇسۇن،
ئاپتاپتا كۆتى قورۇسۇن.

ئۆگەي ئانىنىڭ قۇشلىغىنىدىن
ئۆز ئانىنىڭ مۇشتلىغىنى ياخشى.

ئۆيى يوقنىڭ جىنى يوق.

ئۆيۈڭ تار بولسىمۇ،
كۆڭلۈڭ كەڭ بولسۇن.

ئۆينى ئويلىغان بىلەن ئويلاش،
توينى توي قىلغان بىلەن تويلاش.

ئۆيگە ئۆگەنگەن ئۆچكە جاڭگالغا كۆنمەس.

ئۆيدە قالسا بالىسى،
كەينىگە قارار ئانىسى.

ئۆلۈپ يىتىپ ئۆپكە تىلەپتۇ،
چىچىپ يىتىپ كۆرپە (تىلەپتۇ).

ئۆلگەندە يىغلىغۇچە،ئۆلمەستە سەۋەب قىل.

ئۆگەينىڭ ئۆتى قورۇماس،
ئاپتاپتا يىتىپ كۆتى (قورۇماس).

ئۆز ئۆيىدە پۇۋدەپ ئىچەر دۇغىنىمۇ،
خەقنىڭ ئۆيىدە يالماپ يۇتار چوغىنىمۇ.

ئۆزۈڭنىڭ كىملىكىنى بىلمەكچى بولساڭ،
كىشىنىڭ قىزىغا ئەلچى ئەۋەتىپ كۆر.

ئۆزىگە لازىم بولسا قوشنىسى يامانلاپتۇ.

ئۆزىنى سورىغان، قازىنىڭ ئالدىغا بارماس.

ئۆزىنىڭ ئۆيىنى يالاپ سۈپۈرەر،
باشقىلارنىڭ كۆرپىسىگە تۈكۈرەر.

ئۆزۈڭ بىلگەن يولۇڭنى ئاتاڭغا بەرمە.

ئۆزى كاپىرنىڭ خوتۇنى تالاق.

ئۆزۈڭنى قۇل قىل، ئاپاڭنى قۇل قىلما.

ئىچىلغاننىڭ ئەيىبى يوق، ئۆزى بىلىپ ياپسا،
ئاداشقاننىڭ ئەيىبى يوق، قايتىپ ئۆيىنى تاپسا.

ئىتىڭ يامان بولسا سېتىپ قۇتۇلارسەن،
دوستۇڭ يامان بولسا قېچىپ قۇتۇلارسەن،
خوتۇنۇڭ يامان بولسا قانداق قۇتۇلارسەن؟

ئېرى راۋاب چالسا، خوتۇن پەدە بېسىپتۇ.

ئېرىم تەگكەندىكىدەك ئەمەس،
ئۆيۈم ھېيتتىكىدەك (ئەمەس).

ئېرى يامانني ئۆڭىدىن بىل،
خوتۇنى يامانني يېڭىدىن (بىل).

ئېرى ئۆلگەن بىر خوتۇن قىرىق خوتۇنغا كۈنداش.

ئىت ئىگىسىنى گاداي دېمەس،
بالا ئانىسىنى يامان (دېمەس).

ئىزدەشسە ئۆز، ئىزدەشمىسە يات.

ئىشچان خوتۇن ئەتىگەن تۇرۇپ ئوت ئوتار،
ھۇرۇن خوتۇن ۋاخچە تۇرۇپ كۇرۇك توخۇدەك كوتۇلدار.

ئىشچان خوتۇن ياماقتا ئامراق،
ھۇرۇن خوتۇن تاياقتا ئامراق.

ئىشىكىڭ چىڭ بولسا، ئىت كىرەلمەس.

ئىناق ئۆيدە بەرىكەت بار.

يامغۇر ياغسا تۈگۈلۈك ھۆل بولار،
ئاتاڭ ئۆلسە ئۆيۈڭ چۆل (بولار).

يات يېگۈچە دوست،
توغقان ئۆلگۈچە (دوست).

يات يەرلەردىن پۇلىسىز كەلسەڭ ئۆز تۇغقىنىڭ ياخشى.

ياتنىڭ تۆرىدە ئولتۇرغۇچە، تۇغقاننىڭ كۈلۈكىدا ئولتۇر.

يامان خوتۇن خوتۇن بولماس،
ئىدىق ئوتۇن ئوتۇن (بولماس).

ياتنى ئۆز قىلاي دېسەڭ ئارىدا قىز قوي،
ئۆزنى يات قىلاي دېسەڭ ئارىدا پۇل قوي.

ياتنىڭ سۆزى ياندىن ئۆتەر،
تۇغقاننىڭ سۆزى جاندىن (ئۆتەر).

ياتنى ئۆز قىلغان قىز بالا.

ياخشى خوتۇن ئۆينىڭ گۈلى،
يامان خوتۇن قارا چوماقنىڭ كۈلى.

ياخشى ئات قامچا سالدۇرماي مەنزىلگە يېتەر،
ياخشى خوتۇن تاياق سالدۇرماي ئۆمرى ئۆتەر.

ياخشى كېلىن كۈلگۈنچەك.

ياغ يۇتقاندا يات ياخشى،
قان يۇتقاندا قېرىنداش (ياخشى).

ياخشى خوتۇن سەھەر تۇرۇپ بېشىنى تارار،
يامان خوتۇن ۋاقچە تۇرۇپ ئوچاقنى كولار.

يامان ئوق يەر،
بالىلىرى پوق يەر.

ياخشى خوتۇن مۆز ئۇستىدە قازان قاينىتار،
يامان خوتۇن ياخشى ئەرنى مىڭ ئويىنىتار.

ياش ۋاقتىدا لاتا تەڭلىكى،
قېرىغاندا ئاتا تەڭلىكى.

ياخشى يىگىتنىڭ نەسلى سورۇلماس.

ياخشى قىز — يەتتە ئوغۇل.

يامانىنىڭ يامانلىقى سۆزىدىن بىلىنەر،
ئايالنىڭ بۇزۇقلۇقى كۆزىدىن (بىلىنەر).

يامان خوتۇن ئالغانىنىڭ دۇشمىنى ئۆيىدە.

ياش چېغىڭدا خوتۇنۇڭ بولغاي،
قېرىغاندا ھەمراھىڭ بولغاي.

يامان ئاتنى يال باسار،
يامان خوتۇننى ھال (باسار).

يانمىسا ئوتۇن يامان،
ياقالمىسا خوتۇن (يامان).

ياغاچ كەسسەڭ ئۇزۇن كەس، ئۇلىغىلى بولماس،
كۆيئوغۇل بىلەن ئۇرۇشما، تىللىغىلى بولماس.

يەرنىڭ غېمى ئوغۇت،
ئانا غېمى تۇغۇت.

يەرنى يەر قىلمىغان توڭگۇز خىرت،
تۇغقاننى تۇغقان قىلمىغان خوتۇنى قىرت.

يەڭگەڭ بىلەن ئېيتىشما مىلغۇتاڭ يەيسەن،
ئاكاڭ بىلەن ئېيتىشما شىللى پاتتاڭ يەيسەن.

يەتتە قىزى بار كىشىگە دوزاخ ئوتى هارام.

يەر بۇزۇلسا بۇدۇشقاق بولۇر،
خوتۇن بۇزۇلسا ئۇرۇشقاق (بولۇر).

يولۋاسنىڭ ئارقىسىدا يۇرسەڭ يۇر،
خوتۇن كىشىنىڭ ئارقىسىدىن يۇرمە.

يېتىم ئۆز كىندىكىنى ئۆزى كېسەر.

يېتىم بۇلۇڭدا،
تېرىق تۇلۇمدا.

يېتىمنىڭ قارنى يەتتە.

يېتىم قىزغا ئانىسى تېرىق چىچىپ بېرەر.

يىگىتنىڭ بەختى ئوڭ خوتۇن،
جان قىيىنغان توڭ خوتۇن.

## كىيىم-كېچەك، يېمەك-ئىچمەك، تۇرالغۇ جاي، يۈرۈش-تۇرۇش توغرىسىدا

ئات ئورۇق بولسىمۇ يىغىر بولمىسۇن،
گۆش سۆڭەك بولسىمۇ بىغىر بولمىسۇن.

ئاچ ئېيىق ئوينىماس.

ئاچ ئەرۋاھتىن قاچ ئەرۋاھ.

ئاچ قۇش ئىگىسىنىمۇ ئالار.

ئاچارچىلىقتا بەرگەن قۇيقىنىڭ تەمى كەتمەس.

ئاچ ئالدىراڭغۇ، توق بىغەم.

ئاچنىڭ ئاچچىقى يامان،
توقنىڭ دوقى (يامان).

ئاچلىقتىن توقلۇق يامان،
مەسچىتتە شوخلۇق (يامان).

ئاقخان ئۆمچىنى داڭلار.

ئادەم ئۆلمىسە رىزقى تۈگىمەس.

ئادەم يۈزى بىلەن،
غىزا تۈزى بىلەن.

ئادەم بىر جاندىن زېرىكمەس،
بىر ناندىن (زېرىكمەس).

ئاش — پەيغەمبەر،
نان — ئەۋلىيا.

ئاشنىڭ تاختىغا چىققىنى پىشقىنى،
يوتقاننىڭ پاختىغا چىققىنى پۈتكىنى.

ئاق بار ئۆيدە بەرىكەت بار.

ئاق قۇ ھەممە كۆلگە قونماس.

ئاش ئىگىسى بىلەن تاتلىق.

ئاش بەرسە چۆكۈش تىلەپتۇ.

ئايدا يېگەن توق بولار،
كۈندە يېگەن ئاچ (بولار).

ئاغرىق ئاشتىن كېلەر،
بالا قېرىنداشتىن (كېلەر).

ئايالنىڭ كىيىمى پۈتمەس،
ھارۋىنىڭ جابدۇقى (پۈتمەس).

ئاسمان — يېپىنچا،
يەر — سېلىنچا.

ئارپا نېنى يەللىك،
ئوسۇرتىدۇ ئەللىك.

ئاشىققا جەندە ئەتىۋار،
قەلەندەرگە ساپايە (ئەتىۋار).

ئەرزان گۆشنىڭ شورپىسى تېتىماس.

ئەتىگەندە نېمە يېسەڭ كەچكىچە شۇ.

ئەتىگەندە تويمىغان قورساق ئاخشامغىچە تويماس.

ئەرنىڭ ياخشىسى ئوتتۇرا قورساق.

ئەرزان مالنىڭ يىلىكى تېتىماس.

ئەرگە يۈز كېرەك،
ئاشقا تۇز (كېرەك).

ئەر كىشى قېرىماس.

ئەسكى تامدا دەز تولا،
ئورۇق گۆشتە بەز تولا.

بار - يوقى بىلەن ئىشىم يوق،
كۆڭلۈم ھەسەل تارتىدۇ.

باي چۈشەرلىك ئۆيۈڭ بولسۇن،
خان چۈشەرلىك كۆرەڭ بولسۇن.

بويۇڭ بىلەن ماختانما، ئۆيۈڭ بىلەن ماختان.

بويۇن گۆشى ئوبدان گۆش،
يېيىشكە ئەپسىز — ئويمان - دۆش.

بويۇن گۆشى تاتلىق گۆش،
يېمەك مۇشكۇل — قاتتىق گۆش.

بۇغداي ئۇنى نان بېرەر،
ئانا سۈتى جان بېرەر.

باداڭدا ئۇن بولسا خېنىم قوپۇپ زاڭ چېلىپتۇ.

بۆرىنىڭ قازان ئاسقىنى يوق،
خام يەپ ئۆلگىنى يوق.

بۆرە كەينىدىن قاغا تويار.

بۆرىنىڭ ئوزۇقى — بۇرنىدا.
بۆرە تويغان يېرىدە ياتماس.

بۇركۇت سامادا،
چاشقان كامادا،
تۇل خوتۇن تامادا.

بېلىق شورپىسى ـــ ئىشتىها دورىسى.

بېلىق بېشى ـــ باينىڭ ئېشى.

بىر بۆككە ئىككى باش سىغماس.

بىلمىگەن يەرنىڭ ئوي ـ چوڭقۇرى تولا.

بىكار گەپتىن ئۈيقۇ ياخشى،
ئارپا ناندىن زاغرا ياخشى.

پولۇ قورۇشتىن،
شورپا سورۇشتىن.

پىشمىغان ئاشتىن خام كاۋا ياخشى.

تاماق تۇزى بىلەن،
دۇغاپ مۇزى بىلەن.

تاماق خۇرۇچى ھەر ئۆيدە بار،
قىلغۇچى بىرە ئۆيدە (بار).

تونلۇققا تولا سوغ،
تونسىزغا ئاز سوغ.

توخۇ تويماس،
چۆمۈچ قۇرۇماس.

توخۇنىڭ تۇگمىنى يوق دان يەيدۇ،
بۆرىنىڭ قازىنى يوق خام (يەيدۇ).

تۆزسىز ئاشنى ئىت يېمەس.

تۆزسىز نان تونۇردا تۇرماس.

تېمىڭغا گۈل چەككۈچە، ئۆلىغا تاش قوي.

تېرىغان يېرىڭ نەم بولسۇن،
كىرىدىغان يېرىڭ كەڭ (بولسۇن).

تىلىڭ كۆيسە تۆز يالا،
ئىچىڭ كۆيسە مۇز (يالا).

تىنچ كۆڭۈلگە تۆزسىز ئۇماچ.

جان بەرگەنگە جان بەر،
جاي بەرگەنگە جاي (بەر).

چوڭ ئۆينىڭ ئورتاق،
كىچىك ئۆينىڭ قورداق.

چاپاننىڭ ئالدى پېشى بۇرۇن يىرتىلار.

چاپاننىڭ يانچۇقى تېشىلەر،
چورۇقنىڭ سۇنجىقى (تېشىلەر).

چارۋاڭنىڭ يېيىشىدىن قورقما،
خوتۇنۇڭنىڭ يېيىشىدىن قورق.

چۆلدە قونساڭ دۆڭدە يات.

چۆلگە يامغۇر ياخشى،
يوبدانغا چامغۇر (ياخشى).

چۆمۈچ بەر، قازان باشقا،
قوي بەر، قوتان باشقا.

چۆچۈرە يېيىشتىكى مەقسەت گۆش يېمەك.

چۈشلۈك ئۆمرۈڭ بولسا، كەچلىك ئوزۇق تاپ.

چېچىكى چۈشسە غورىسى قالار،
چامغۇرنى يۇلسا ئورىسى (قالار).

چىقتىم ئۆيۈمنى تاشلاپ،
قالدىم بېشىمنى قاشلاپ.

چىرايلىق كىيىم ياغاچ قونچاققىمۇ يارىشار.

خوش ـ خوش دەيدۇ،
موك ـ موك يەيدۇ.

خۇدا كەچ قويسا قويار، ئاچ قويماس.

خۇدا ساقلىغان يەردە بالا يوق،
شال تېرىغان يەردە پولۇ (يوق).

داش قازان كۈندە قاينىماس.

داڭگال قېتىپ تاش بولماس،
چامغۇر ـ زەدەك ئاش بولماس.

دېنى يوق خامانغا قۇشقاچ چۇشمەس.

دېسە دېگۈچە قويدۇم،
كېسسپ يېگۈچە قويدۇم.

— دوزاخ نەدە؟
— ئىككى ئادەم تاماق يەپ،
بىرى قاراپ تۇرغان يەردە.

زاڭغا تويمىغان نانغا تويماس.

ساما ناغرا بىلەن،
قېتىق زاغرا بىلەن.

ساتمىنى ياراتمىساڭ، كېسەك ئۆي ئىزدەپ نەگە باراي.

سوراپ بەرگۈچە ئۇرۇپ بەر.

سېلىپ يېگەن بىرنى يەر،
تۇگۇرۇپ يېگەن ئوننى (يەر).

سېنىڭ، مېنىڭ دېگەن كۆڭۈل تارلىقى،
نېرى يات، بېرى يات دېگەن ئورۇن تارلىقى.

سەھەرلىك ناشتىدىن قالما،
دەسلەپكى مۇشتتىن (قالما).

سۇنىڭ قەدرىنى تۆگە بىلەر،
بېلىق بىلمەس.

شەھەر سالماقتىن ئۆي سالماق تەس.

قازى ئاچ قالسا بازار كېزەر،
سوپى ئاچ قالسا مازار (كېزەر).

قاردا پولۇ، يامغۇردا شورپا، بوراندا ئۈيقۇ ياخشى.

قاتتىق زاغرا قېتىقتا ياخشى،
ئەسكى ئۆتۈك يامغۇردا (ياخشى).

قورساقتا نان بولسا، بىلەكتە جان بولار.

قورۇما تاماق يېمەيمەن،
ھېكىم لوقمان دېمەيمەن.

قورساقنىڭ مەيلىچە بولسا، ئابرۇيۇڭنى قوشۇپ يەر.

قوش قونمىغان دەرەخ يوق.

قولان سەمرىگەن يېرىگە تۈك تاشلار.

قوش ئايىغىدىن ئىلىنار،
سەزگۈر بېلىق ساقىقىدىن (ئىلىنار).

قوشقاچ گۆشمۇ گۆش.

قېتىق بىلەن زاغرا ياخشى،
سۇناي بىلەن ناغرا ياخشى.

قىشلىقى قېزا يە،
قېزىدىن كېيىن سەۋزە(يە).

كاككۇكنىڭ ئۇۋىسى يوق.

كانايغا ياغ يوق، سۇنايغا نەدە؟

كەڭ تون توزۇماس.

كەڭ تون كېڭىشىپ يىرتىلار،
تار تون تارتىشىپ (يىرتىلار).

كۆزى توقنىڭ ئۆزى توق.

كۆزى تويسا ئۆزى تويار.

كۆكتىكى چولپاندىن سۇدىكى چورتان ياخشى.

كۆڭۈلنىڭ ئالىسى دىلنى ئاغرىتار،
ئاشنىڭ ئالىسى قورساقنى (ئاغرىتار).

كۆنەلگە بولمىسا قېتىق ئۇيۇماس.

كۆپ يېگەن هايۋاننىڭ ئىشى،
ئاز يېگەن ئادەمنىڭ ئىشى.

كۇندۇزى مەندەك ئەر يوق،
كېچىسى ياتار يەر يوق.

كېڭىشىپ ئېتىلگەن ئاش تاتلىق بولار.

كېڭىشىلگەن تون تار كەلمەس.

كېڭەش قىلغان ئەل ئازماس،
كەڭ پىچىلغان تون تۇزۇماس.

كىيىمنىڭ ئېغىرىنى سوغۇق كۆتۈرەر.

كىيىمنىڭ يوقىدىن پىت بولدۇم،
گۆشنىڭ يوقىدىن ئىت (بولدۇم).

كىچىك ئاياغ كىيگەن ئادەم يولنىڭ كەڭلىكىنى بىلمەس.

كىشىنىڭ رىزقىدا ئاناڭنىڭ ھەققى بارمۇ؟

كىرمىگەن گۆر قالمىدى،
يېمىگەن پوق (قالمىدى).

كەلمىگەن تەلەيدە ئاناڭنىڭ ھەققى بارمۇ؟

كۆرپىگە بەرگۈسىز تېرە بار،
ياشقا بەرگۈسىز قېرى (بار).

گالىنىڭ غېمى — جانىنىڭ غېمى.

گۆش داڭقانغا تۇشلۇق،
خېنىم سالتاڭغا (تۇشلۇق).

گۆش كۆرمىگەنگە ئۆپكە قاڭسۇق.

گۆشنى داڭقاندا پىشۇر،
مانتىنى قاسقاندا (پىشۇر).

لازا يېسەڭ چاغلاپ يە،
سامساق يېسەڭ داغلاپ يە.

مالسىز ئۆي بولار،
نانسىز ئۆي بولماس.

ماي سېسسا تۇز سېپەر،
تۇز سېسسا نېمە سېپەر؟

موللام دۇئاغا زورلار،
نېنى يوق چايغا زورلار.

مۇزلىساڭ مۇز يە،
ئۇسسۇساڭ تۇز (يە).

مۇشۇكنىڭ بىر پۇلى يوق گۆشكە ئامراق،
يىگىتنىڭ بىر پۇلى يوق تۆشكە ئامراق.

مېھمان كەلسە خوما ئېلىڭ،
ئاشنى تۈگىتەي دېسىڭىز موما سېلىڭ.

مېۋىنىڭ پىشىقى ياخشى،
تاماقنىڭ ئىسسىقى (ياخشى).

مىننەتلىك ئېشىڭدىن قورسىقىمنىڭ ئېچى ياخشى.

مۆت، زەھەربەرسە يۆت.

ھالال تېپىلمىسا ھارام يېمەي ئۆلەيمۆ.

ھالىم پەرىشان،
كىيگىنىم تېرە ئىشتان.

ھاۋانىڭ گۆلدۆرى بار، يامغۇرى يوق،
قېرىنىڭ ئاچچىقى بار، ماغدۇرى يوق.

ھاي ـ ھاينىڭ ۋاي ـ ۋېيى بار،
كەڭ يەرنىڭ تار يېرى (بار).

ھەركىمنىڭ رىزقى ئۆزى بىلەن.

ھەر قارلىغاچ ئۆزىگە ئۇۋا سالار.

ئوچاقتا كىرگەن نان خام بولماس.

ئون قات لاتىدىن بىر قات تېرە ئەلا.

ئوغلاق گۆشى ئەم بولۇر،
ئۆچكە گۆشى يەل (بولۇر).

ئوسما قويمىغان قېشى يوقنىڭ ئىشى،
چىلاپ يېگەن چىشى يوقنىڭ (ئىشى).

ئۇزۇن ـ ئۇزۇن كۈنلەر كېلۇر،
جىگدە يېمەك ئاندىن (كېلۇر).

ئوماچ ـــ كوركىرماچ،
يوبدان ـــ يورغىلىماچ.

ئوماچ ئىچتىم توق،
ئورنۇمدىن تۇرسام يوق.

ئۆزۈمنىڭ دەرمەن، خالىغاندا يەرمەن،
يەڭگەمنىڭ دەرمەن، بەرگەندە يەرمەن.

ئۆزۈڭنىڭ تۇتۇنى ئۆزۈڭنىڭ مورىسىدىن چىقار.

ئۆي دېسە مورىسى يوق،
باغ دېسە غورىسى (يوق).

ئۆزۈمنىڭ دەرمەن ئولتۇرۇپ قوپۇپ يەرمەن.

ئۆردەك ئۆرۈلسە لاچىنغا يەم بولۇر.

ئۆزۈم بېدىشتە ياخشى،
ئەبجەش ماي ئىدىشتە (ياخشى).

ئۈنچە ـ مارجان تاش ئىكەن،
ئارپا ـ پۇرچاق ئاش ئىكەن.

ئېشەككە مۈلە ياپسا، تۈيىقىدىن بەلگىلىك.

ئېشەكنىڭ ئۆلۈمى ـــ ئىتنىڭ بايرىمى.

ئېقىن سۇدا شەك يوق.

ئېيىقنى ئۇسسۇلغا ئۆگەتكەن — گال.

ئىگىسى يوق ئىچكەن ئاش ئون يىلغىچە قۇستۇرار.

ئىتتىرىپ بەرگەننى ئىت يېمەس،
قۇرۇق ئۇستىخاننى پىت (يېمەس).

ئىلغىدىكى گۆشتىن تەگىنىدىكى ئۆپكە ياخشى.

ياغ يەپ يالىغاچ يات.

ياتار قورساققا يارتى نان.

ياغ چاينىغاننىڭ يۈرىكى پۈتۈن،
بال چاينىغاننىڭ بۆرىكى (پۈتۈن).

ياغلىق گۆشنىڭ كۆپۈكى جىق.

يالغۇزنىڭ ئېشىنى يالماپ يە،
خېنىمنىڭ ئېشىنى چاغلاپ (يە).

يەيدىغان زەھەر بار،
يېمەيدىغان ھەسەل (بار).

يەتكۈزەي دېسەڭ ئۇماچ ئەت،
تۈگىتەي دېسەڭ كۆمەچ (ئەت).

يورغا يورغا بىلەن ماڭسا گۇپۇر ـ گۇپۇر،
موللا موللا بىلەن ماڭسا دۇپۇر ـ دۇپۇر.

يالغۇزغا مۇشۇكمۇ ھەمراھ.

ياڭاق شۆپۇكىدە سۇ ئىچكەن قىز، تاۋۇز شاپىقىدىمۇ ئىچەر.

يىگەنىنىڭ ئاغزى يۇمشاق،
ئالغانىنىڭ قولى (يۇمشاق).

يىڭى كۆلنىڭ سۇيى تاتلىق،
يىڭى قازاننىڭ ئىشى (تاتلىق).

يىگەنىنىڭ يىگۇسى كىلۇر،
كىيگەنىنىڭ كىيگۇسى (كىلۇر).

يىگەنىنىڭ يىلى بار،
كىيگەنىنىڭ كىرى (بار).



# مۇھەببەت، نىكاھ توغرىسىدا

ئات ئالساڭ ئاي كېچەش،
خوتۇن ئالساڭ يىل (كېچەش).

ئات مىنسەڭ تاي مىنمە، تاغدا قالىسەن،
يار تۇتساڭ كۆپ تۇتما، داغدا قالىسەن.

ئاتىسى ئۆلگەنگە يەتتە يىل ئەگەش.

ئاتىسى بۆلەكنى قۇدا قوشار،
ئۆيۈرى بۆلەكنى نوختا (قوشار).

ئاكاڭ كىمنى ئالسا، يەڭگەڭ شۇ.

ئاتنى قۇملۇق ئوڭلايدۇ،
خوتۇن كىشىنى تۇللۇق (ئوڭلايدۇ).

ئاتنىڭ ياخشىسى تورۇق،
قىزنىڭ ياخشىسى ئورۇق.

ئاتىسى تۇرۇپ سۆزلىگەن ئوغۇلدىن بەز،
ئانىسى ئازدۇرۇپ بەرگەن قىزدىن (بەز).

ئارپا تاپساڭ ئاتقا بەر،
قىزىڭ بولسا ياتقا (بەر).

ئانىسىنى ئالتۇنغا ئال،
قىزىنى كېپەككە (ئال).

ئاشىقنىڭ ئاشنىسى بولماس.

ئاشىقنىڭ يۈرىكى ئۆز يېغىدا قورۇلار.

ئاشىقتا كۆز يوق،
مەشۇقتا سۆز (يوق).

ئاشىقىڭغا نەزەر قىل،
كۆز يېشىدىن ھەزەر قىل.

ئاشىقنىڭ ئۆيى — مەشۇقنىڭ كۆڭلى،
يېتىمنىڭ كۆڭلى — خۇدانىڭ ئۆيى.

ئاشىقنىڭ دەردىنى دىلبەر بىلەر.

ئاشىقلىق يىغلىتار،
دەرد سۆزلىتەر.

ئاشىققا باغداد يىراق ئەمەس.

ئاشىق چوكانغا ئات تېزىكى ئالتۇن كۆرۈنەر.

ئاشنام بار دەپ ئەرسىز قالما،
ئۇنۇمسىز دەپ يەرسىز (قالما).

ئاشقا پۇرچاق، نانغا تۇز،
ھەركىمنىڭ يارى ئۆزىگە ئۇز.

ئاشىق بولساڭ ئۆلۈمدىن قورقما .

ئاشكارىدا ئاش ياخشى،
پىنھاندا ئاداش ياخشى.

ئاشىق بولماق ئاسان، ئايرىلماق تەس.

ئاشىق چىدىغانغا قەلەندەر چىدىيالماس.

ئاشىق بولساڭ تارتىنچاق بولما.

ئانا كۆرۈپ قىز ئال،
قىرغاق كۆرۈپ بۆز (ئال).

ئالدىرىغان قالار،
بۇيرۇغان ئالار.

ئالتۇن ئۇزۇككە ياقۇت كۆز.

ئالدىرىغانغا ئۇز بولدى،
قېرىغاندا قىز (بولدى).

ئالدىرىغان قىز ئەردىن يالجىماپتۇ.

ئالدىرىغان قىز ھەمراھ تاپالماس.

ئالدىرىغان قىز ئەر تاللىماس.

ئالدىڭدا تۇرسا ئۇرۇشقۇڭ كېلىۇر،
كۆزۈڭدىن ئۇچسا سۆيۈشكۈڭ كېلىۇر.

ئاللا ـ ئاللىسىغا قىزىم كەتتى،
باركاللىسىغا ئېشىم كەتتى.

ئاغرىق تۇزۇلگۈچە،
مۇھەببەت ئۈزۈلگۈچە.

ئاۋۋال ئادەم بول،
ئاندىن ئۆيلۈك (بول).

ئاق سۆيدۈرەر،
قارا كۆيدۈرەر.

ئانىسىغا بېقىپ قىز ئال،
قازانغا بېقىپ ئاش سال.

ئايال خەقنىڭ يۇرتى يوق.

ئايدا كاككۇك، يىلدا زەينەپ.

ئايدا كۆرسەڭ ئايدەك،
كۈندە كۆرسەڭ كۈندەك.

ئايرىلغانغا ئۆلمەيمەن،
ئەقىدەمگە يىغلايمەن.

ئاي يۇزلۇككە خال يارىشار،
قىز بالىغا ناز (يارىشار).

ئاقنىڭ سەتلىكى بىلىنمەس،
قارنىڭ چىرايلىقلىقى (بىلىنمەس).

ئەتىگەندە ئۆي سۇپۇرمىسە كەچكىچە پۇشايمان،
ياشلىقىدا ئەرگە تەگمىسە ئۆلگۈچە (پۇشايمان).

ئەر بولسا قۇشلىغۇدەك،
ئەتىسى قوپۇپ مۇشتلىغۇدەك.

ئەر تاللىغان مازغا ئۇچرار،
خوتۇن تاللىغان تازغا (ئۇچرار).

ئەرسىز خوتۇننىڭ هالىغا ۋاي.

ئەرسىز خوتۇن يۇگەنسىز ئات.

ئەر كىشى بۇزار،
خوتۇن كىشى تۇزەر.

ئەرنىڭ كۆڭلى ئەۋرىشىم.

ئەرسەك ئەرگە تېگەلمەس،
ئالدىراڭغۇ ئۆيگە يېتەلمەس.

ئەر مالسىز بولماس،
يىگىت يارسىز (بولماس).

ئەرلىك خوتۇن شورپىلىق ئاش،
تۇل خوتۇن تۇزلۇق ئۇماچ.

ئەرگە تەگكۈچە گۈزەل،
تويدىن كېيىن لايغەزەل.

ئەركىلەتكىنىڭ قانچىلىك بولسا، ئىسسىتقىنىڭ شۇنچىلىك.

ئەر كىشى خوتۇن كىشىنىڭ يېرىم خۇداسى.

ئەر خوتۇن كىشىنىڭ «كەت» خۇداسى.

ئەرنىڭ ئىبزىتقۇسى — خوتۇن.

ئەسكى تامنى ئۆي ئەتمەڭ،
بىۋاپانى يار (ئەتمەڭ).

ئەسكى خوتۇن ئالساڭ باشىڭ بولۇر كاساڭ،
ئىنەك ئەمەس ساغساڭ، ئىشەك ئەمەس ساتساڭ.

ئەردىن ئايرىلغان خوتۇن بۇلبۇلسىز باغ.

ئەگرى بولسىمۇ يول ياخشى،
تاز بولسىمۇ قىز (ياخشى).

ئەگرى - بۈگرى بولسىمۇ يول ياخشى،
قارىغۇ - چولاق بولسىمۇ قىز ياخشى.

ئەلگەك كۆتۈرگۈدەك ماغدۇرۇڭ بولسا ئەرگە تەگ.

ئەقىلسىزگە قول بەرمە،
سۆيمىگەنگە دىل (بەرمە).

بارچە ياخشى مەن يامان،
بارچە بۇغداي مەن سامان.

باراي دېسەم باهانە يوق.

بارىغا خوتۇن ئىگە،
يوقىغا ئەر (ئىگە).

باغقا چۈشكەن توڭ قاپاقنىڭ، ئۆزىگە تۇشلۇق هالى بار.

باغلاقتا تۇرمىغان ئىت كەسكىدە تۇرار،
ياخشىنى ياراتمىغان ئەسكىدە (تۇرار).

بازاردا مىڭ كىشى،
كۆڭۈلدە بىر كىشى.

بەرمەس قىزنىڭ تويلۇقى ئېغىر.

بەڭگىگە تەگكەن خوتۇن كارغا كەلمەس،
دىرەۋزىن ئەتكەن ياغاچ كارغا كەلمەس.

بەرسىڭىز كۆتۈرۈپ بېرىڭ،
ئۇنى چىقمىسا يۆتىلىپ بېرىڭ.

بەيگە ئات بىلەن ياخشى،
توي يات بىلەن (ياخشى).

بەيگىگە ئات ياخشى،
ئويناشقا يات (ياخشى).

بويتاقنىڭ كۆشەندىسى كۆپ.

بويتاقنىڭ دەردى تولا.

بويتاقنىڭ ئەقلى ئىككى كۆزىدە.

بولۇشمايدىغان خوتۇن يامانلاشقا ئامراق.

بۇقا قېرىسا بۇرنى قېرىماس،
ئادەم قېرىسا كۆڭلى (قېرىماس).

بۆرە قېرىسىمۇ قويلۇقى بار،
جۇگان قېرىسىمۇ تويلۇقى بار.

بۇلبۇل گۈلسىز سايرىماس،
ناخشا ئىشقسىز ياڭرىماس.

بۇلبۇلسىز باغنىڭ پەيزى بولماس،
مۇھەببەتسىز ھاياتنىڭ لەززىتى (بولماس).

بۇزۇق خوتۇن ئەرگە بالا،
بۇزۇق ئەر بالىغا (بالا).

بېشىڭ ئىككى بولمىغۇچە، قاچاڭ ئىككى بولماس.

بىشەم خوتۇن بەش كۆنلۈك،
بىزەڭ يولداش بىر كۆنلۈك.

بىلمەي ئاپتىمەن دەللىنى،
چۈۋۈپ قالايدۇ چەللىنى.

بىر قىز ئەرگە تەگسە، قىرىق قىز چۈش كۆرەر.

بىر ماڭغانغا يول بولماس،
بىر سۆيگەنگە يار (بولماس).

بىر كەپتەردە قىرىق قىزنىڭ ئىشقى بار.

بىر باشقا بىر بۆك لازىم.

بىر ئاخشاملىق ئەر ـ خوتۇنچىلىقنىڭ مىڭ كۆنلۈك مېھرى قالىدۇ.

پالتا بولسا ئوتۇن كەممۇ،
ئوغۇل بولسا خوتۇن كەممۇ.

پەرداز تويدا كېرەك،
مۇھەببەت كۆندە (كېرەك).

پۇلى يوق يىگىت ئەمەن پۇرايدۇ.

پۇلۇڭ يوق بازارغا بارما،
مەشۇقۇڭ يوق مەشرەپكە (بارما).

پۇلى يوق ئاشىق تەييارغا مەشۇق.

پىچاق قىنىنىسىز قالماس،
ئەر خوتۇنسىز (قالماس).

تاز ياسانغۇچە توي تارقاپتۇ.

تاز قىزغا ئەر تاپماق تەس،
قىيدام كەكىگە ساپ (تاپماق تەس).

تاز دېمەي تېگىۋال،
ماز دېمەي كىيىۋال.

تاشلاپ قاچقۇدەك ئۆز بار،
ئېلىپ قاچقۇدەك سەت (بار).

تاشنىڭ ئېغىرى سايدا قالار،
خوتۇننىڭ ئېغىرى ئۆيدە (قالار).

تاشنىڭ ئېغىرى يەرگە يۈك،
خوتۇننىڭ ھۇرۇنى ئەرگە (يۈك).

تاشقا يامغۇر كار قىلماس،
ئاشىققا بەنت (كار قىلماس).

ئۆزى يامانىنىڭ ئوتى يامان.

تەلەيلىكلەر تېپىشار نە ـ نەدىن كېلىپ،
تەلەيسىزلەر تېپىشالماس بىر جايدا تۇرۇپ.

تەخلىك بولماي دوستلۇق بولماس،
كەخلىك بولماي مۇھەببەت (بولماس).

توينىڭ بولۇشىدىن «بولىدۇ»سى قىزىق.

توي دېسە قۇرۇق كاللا دومىلاپتۇ.

توي توقماقسىز ئۆتمەس.

توي ئەنسىزلىكىدىن گۆر ئەنسىزلىكى ياخشى.

توينىڭ غوۋغاسى بار،
ئۆلۈمنىڭ سەۋرىسى بار.

تورۇسنىڭ ئېغىرىنى تام كۆتۈرەر،
ئۆينىڭ ئېغىرىنى ئايال (كۆتۈرەر).

توكۇر يىگىت مايماق قىزغا كۈلۈپتۇ.

تونۇر قىزىق نان ياخشى،
خوتۇن قىزىق ئەر (ياخشى).

تۆرۈپ تېرىسام چامغۇر چىقتى،
قىز ئالسام جۇۋان (چىقتى).

تۇغماس خوتۇننىڭ ئۆيى يوق.

تۆشۈك مونچاق يەردە قالماس،
يەردە قالسىمۇ توپا قونماس.

تۇخۇمنىڭ چىقىلغۇسى كەلسە تاشقا تېگەر،
قېرى خوتۇننىڭ ئۆلگۈسى كەلسە ياشقا تېگەر.

تۇل خوتۇننى ئىش باسار،
خوتۇنسىز ئەرنى پىت (باسار).

تۇتقان يارىڭ شۇ بولسا، كۆرگەن كۈنۈڭ نە بولغاي.

تۇگمىدەك قالغان كۆڭۈلنى تۆگە بىر-پىمۇ ئالغىلى بولماس.

تېپىۋالسام ياخشىنى،
ئېيتار ئىدىم ناخشىنى.

تېرەك تەڭگە بولغاندا، خوتۇنلار بەگگى بولۇر.

تىل دىلغا باغلىق،
مۇھەببەت ۋىجدانغا باغلىق.

تىلى يامان ئەردىن تۇللۇق ياخشى.

جامالىڭغا باقمايمەن، ئۆي تۇتۇشۇڭغا باقىمەن.

جۇۋان ئالمىساڭ جۇۋا ئال.

جىرتاق خوتۇنغا چاپاق ئەر.

چاۋار - چاتقال ئوتۇن بولماس،
كۆپ نىكاھلىق خوتۇن (بولماس).

چاڭگا بۇزۇلسا تۇخۇم ساق قالماس،
ئەر بۇزۇلسا خوتۇن ساق (قالماس).

چوقۇر خوتۇننىڭ مېھرى ئىسسىق.

چوماق ئوتۇن ئوتۇن بولماس،
ئاغىچا خوتۇن خوتۇن (بولماس).

چوكاننى كۆرسىڭىز قاش ئېتىڭ،
جۇۋاننى كۆرسىڭىز تاش (ئېتىڭ).

چۆگۈن ئالساڭ چەپچەكلىكىنى ئال،
خوتۇن ئالساڭ ئەمچەكلىكىنى (ئال).

چۇشتە ناخشا ئېيتقان دەردى بار كىشى،
ئاخشىمى ناخشا ئېيتقان يارى بار كىشى.

چۇشىدە كۆرگەن گۇل بولۇر،
ئاققان يېشى كۆل بولۇر.

چېچەن خوتۇننى ئوچاق بېشىدا سىنا.

چىرايلىق - چىرايلىق ئەمەس، سۆيگەن چىرايلىق.

چىرايىنى دەپ كۆيمىگىن،
دەرد - ئەلەمگە قالمىغىن.

چىرايلىقنى سۆيمەك ساۋاب.

چىرايلىقنى خۇش قىلغان چوقۇرنىڭ يۈزى.

چىرايلىق قىزىم بولغۇچە، ئەدەپلىك قىزىم بول.

چىرايلىق خېنىمنىڭ ئېرى ئەنسىز.

چىرايلىقتا پەرداز كەتمەس.

چىراي كۆيدۈرەر،
خۇلق سۆيدۈرەر.

خوتۇن كىشىنىڭ تۇللۇقىدىن ئەر كىشىنىڭ بويتاقلىقى يامان.

خوتۇن كىشى مۇھەببەتنى كۆڭلىدە قىرىق يىل ساقلار.

خوتۇن كىشى تۇل بولسا، بۇخارادىن ئىتلار كېلىپ بېشىغا چىچىپتۇ.

خوتۇن كىشى پېشكەل،
ئەرنىڭ بېشىغا ئىشكەل.

خوتۇن قانىتى ئەر،
ئەر قانىتى يەر.

خوتۇنسىز ئەر — قىرسىز يەر.

خوتۇن خەقنىڭ نازى بار،
ناز كەينىدە ئازى (بار).

خوتۇن تۇل بولسا ئەر تاپار،
ئەر تۇل بولسا مال (تاپار).

خوتۇن ئالمىسام تالادا قالدىم،
خوتۇن ئالسام بالاغا قالدىم.

خوتۇن ئالساڭ بازاردىن ئال، يىغىۋېلىش ئۆزۈڭدىن.

خوتۇن كىشى ئۆچكە يېغى.

خوتۇنىنىڭ ياخشىسى جەننەت مىسالىلىق،
يامىنى دوزاخ مىسالىلىق.

خوتۇنىنىڭ ياخشىسىنى تىللا بېرىپ ئال،
يامىنىنى تىللا بېرىپ يولغا سال.

خوتۇنۇڭنى خوش قىلاي دېسەڭ لاپ ئۇر،
ساراڭنى خوش قىلاي دېسەڭ داپ ئۇر.

خۇيى بار ئات ئەپقاچار،
ۋاپاسىز يار يەپ قاچار.

خوي قىلغان قىز ئۆي تۇتالماس.

خېنىمنىڭ كۆڭلى تىندى،
سۇ ئەكېلىدىغان قاچىسى سۇندى.

خېنىمنىڭ كۇلگىنى ــ كۆڭلۇمنى بىلگىنى.

خېنىم كىيگەنگە خوش،
يىگىت سۆيگەنگە (خوش).

خېرىدارىڭ بولمىسا، زىبالىقىڭ نە كېرەك.

خېنىمنىڭ ئوسمىسىغا قارىماي، بېشىدىكى پوسمىسىغا قارا.

خېنىمنىڭ قېشىنى كۆرۈڭ،
تاۋۇقنىڭ تېشىنى كۆرۈڭ.

دامبىغا تاش ياخشى،
ئىشارەتكە قاش ياخشى.

داۋان ئېشىپ خوتۇن ئالما،
سۇدىن ئېشىپ ئوتۇن (ئالما).

دەۋاسىز دەرد بولماس،
ھەۋەسسىز قېرى (بولماس).

دەرد كەلمەي بىلمەيدۇ،
دەرد كەلگەندە يىغلايدۇ.

دەردى يوق كېسەك،
ئىشقى يوق ئېشەك.

دوزاختا ئۆگەنگەن جەننەتكە كۆنەلمەس.

دېھقانغا يەر كېرەك،
تۇل خوتۇنغا ئەر (كېرەك).

دىل نېمىنى كۆزلەر،
تىل شۇنى سۆزلەر.

رەمالغا پال ياخشى،
چوكانغا خال (ياخشى).

زەن سالغانغا زىبا جىق.

ساداقەت مۇھەببەتنىڭ كۆركى،
ۋىجدان مۇھەببەتنىڭ يۈرىكى.

ساددا قىز كۆڭۈل بەرمەس،
كۆڭۈل بەرسە ئاسان ئۈزمەس.

سانى بار، ساپاسى يوق،
يارى بار ۋاپاسى يوق.

سارىخان ئەرگە تەگسە،
بارىتاخۇن ھۆمۈدەپتۇ.

سەكرىگەن سەركە پىچاقتا ئۆلەر،
سەتەڭ خوتۇن قوچاقتا (ئۆلەر).

سەنەمنى سەنەم قىلغان غېرىب دەرۋىش.

سەكسەن ياشلىق قېرىنىڭ ئون بەش ياشلىق ئوتى بار.

ئون بەش ياشلىق بالىنىڭ سەكسەن ياشلىق كۆڭلى بار.

سەمەندىن ئېشەك ئالماڭ،
نەمەنگاندىن خوتۇن (ئالماڭ).

سەن دېگىنىم — قەنت دېگىنىم،
سىز دېگىنىم — ياق دېگىنىم.

سەت خوتۇن ئايدىڭدا ئاي كۆرۈنەر،
چىراغ تۇۋىدە قىز كۆرۈنەر.

سودىگەرنىڭ مېلى پۇل، خوتۇنى تۇل.

سۆيگۈ سېتىلماس،
ۋاپا تېپىلماس.

سۆيۈشكىلى تالا ياخشى،
ئوينىغىلى نەغمە ـ ناۋا (ياخشى).

سۆگەتنىڭ تۈزى يوق،
ئەرنىڭ سەتى (يوق).

سۆيگەن كىشىنىڭ ئەيىبى كۆرۈنمەس.

سۆيگۈنۈڭگە يۈمشىقىڭنى بەرگۈچە، تۈمشۇقۇڭنى بەر.

سۆيگەن ئوتتەك ئىسسىق،
سۆيمىگەن پوقتەك سېسىق.

سۆيگۈنۈمنىڭ كۆڭلى ئۈچۈن، سويمىسىنى سويارمەن.

سۆيگەن يارىم سەن بولساڭ، كۆرگەن كۈنۈم نە بولۇر.

سۆيمىگەنگە سۈركەلمە.

سېغىنىشنى مۇھەببەت ئۆلچەر،
راھەتنى مۇشەققەت (ئۆلچەر).

شەرتى كۆپىنىڭ دەردى كۆپ.

شورلۇق يەرگە سۇ سالساڭ پاتقاق بولۇر،
تۇل خوتۇندىن قىز ئالساڭ قاچقاق (بولۇر).

غاجايدىغان ئۆتۈكتىن قاچ،
يېپىشقاق خوتۇندىن (قاچ).

غەلۋىسى جىق ئۆيىنىڭ شىكىرىمۇ ئاچچىق.

غۇنچىن تەلمۈرۈپ قارىمىسا، بۇقا ئارغامچىنى ئۈزمەس.

قاسساپقا پىچاق كېرەك،
مۇھەببەتكە قۇچاق كېرەك.

قاناتسىز قۇش بولماس،
ئىشقسىز بۇلبۇل (بولماس).

قايغۇ سۆزدىن بىلىنەر،
مۇھەببەت كۆزدىن (بىلىنەر).

قاشاڭ پىچاق تۇتقۇچە،
چىشلەپ يېگىن تويغۇچە.
يامان خوتۇن ئالغۇچە،
بويتاق يۈرگىن ئۆلگۈچە.

قارىغۇنىڭ چاپاق ئادىتى بار.

قازان ئالساڭ چېكىپ ئال،
خوتۇن ئالساڭ بېقىپ (ئال).

قەرەلگىچە تورۇۋال،
ئايرىلغۇچە سۆيۈۋال.

قوڭۇمنىڭ سۆلى يوق، چېكەم گۇل قىسىدۇ.

قوشناڭنىڭ قىزىنى كېلىن قىلما.

قۇشقاچنىڭمۇ كۆڭلى بار.

قۇلاق كۆزدىن ئاۋۋال ئاشىق بولۇر.

قۇلىقى يوق قىزغا ئالتۇن يىگىنە تويلۇق سېلىپتۇ.

قېرىغاندا قىز بولدۇم،
ئالدىرىغاندا ئۈز (بولدۇم).

قېشى يوق قاشلىققا ئامراق،
خوتۇنى يوق ئاشىققا (ئامراق).

قېرىشقاننىڭ قىزىنى ئال.

قېرىغاندا كۆڭۈل گادىيى بوپتۇ.

قىزلىقتىن خەۋەر يوق، ئوغۇللۇق ناغرا چېلىپتۇ.

قىز دېگەن ــــ قىزىل قوماچ.

قىزلىق ئۆيگە قىرىق ئات باغلىنار.

قىز ئولتۇرسا، جۇۋاننىڭ بەختىنى بەرگۈدەك،
جۇۋان ئولتۇرسا، قىزنىڭ بەختىنى بەرگۈدەك.

قىز بالىغا ئەر تاپماق — پالتىغا ساپ تاپماق.

قىز بىلەن قاملاشسا، ئانىسىنىڭ كارى چاغلىق.

قىزنىڭ تويى قىرىق كۈن.

قىز تارتىنماس،
يىگىت غەم يېمەس.

قىزدىن ئارتۇق جۇۋان بار،
ئاتتىن ئارتۇق غۇنان (بار).

قىز سوراپ كېلىش ئەيىب ئەمەس،
پۈتۈشەلمەي چىققان غوۋغا ئەيىب.

قىز قېرىسا قازى بولۇر،
قېرىغىمۇ رازى بولۇر.

قىزنى بۇزغان دەللە،
قازىنى بۇزغان زەللە.

قىزنى گۈل ئارىسىدىن ئىزدە،
يىگىتنى ئەل ئارىسىدىن (ئىزدە).

قىزنىڭ سۆيگۈسى قىرىق يىل.

قىزنىڭ مەيلى بولسا، يىرتىق چاپانلىق گۈل كۆرۈنەر.

قىزنىڭ ياخشىسى كېلىن بولغاندا بىلىنەر.

قىزىڭنى ئالغۇچە قىرىڭدىن ئۆتەي،
ئېلىنۇپلىپ جىنىڭدىن (ئۆتەي).

قىزىلگۈل تىكەنسىز بولماس،
مۇھەببەت رەقىبسىز (بولماس).

قىز بەرگۈچىنىڭ سۆزى بار،
ئالغۇچىنىڭ كۆزى (بار).

قىز ئال — كۆز ئال.

قىز بالا سالغا تېشى، نەگە چۈشۈشنى بىلگىلى بولماس.

قىز دېگەن خان كۆۋرۈكى — ساقمۇ ئۆتەر، چولاقمۇ ئۆتەر.

قىزى بارغا تۆمۈرمۇ ئېگىلەر.

قىز بالىنىڭ كۆڭلى نازۇك.

قىزلىق ئۆيگە خىزىر ئامراق.

كەچ قالغان قاراڭغۇدىن قورقماپتۇ،
ئەرگە تەگكەن قىز ھۇجرىدىن (قورقماپتۇ).

كەچ قالغان قاراڭغۇدىن قورقماس،
ئەرگە تەگكەن داراڭگىدىن (قورقماس).

كەتمىنىڭنى ساپلىق قىل،
قىزىڭ بولسا ياتلىق (قىل).

كەتكەننى كەلتۈرگەن مۇز گەدەن.

كونا تامنىڭ چالمىسىدىن قورق،
خوتۇن كىشىنىڭ لالمىسىدىن (قورق).

كۆرمىسەم كۆرگۈم كېلۇر،
كۆرسەم ھۆ بولغۇم (كېلۇر).

كۆز — نۇرنىڭ ئۇۋىسى،
كۆڭۈل — سىرنىڭ (ئۇۋىسى).

كۆز كۆزگە چۈشسە يۈز ئۈيىلار.

كۆز كۆزگە چۈشسە، مېھىر قوزغىلار.

كۆز كۆرگەننى كۆڭۈل تىلەر.

كۆز ئۇخلىسا، كۆڭۈل ئۇخلىماس.
كۆيگەن يامانمۇ، كۆنگەنمۇ؟

كۆڭۈل قاچقانغا چۈشەر.

كۆڭۈلنى دەپ، ۋاپاسىزنى يار تۇتما.

كۆڭۈل ئېزىلمىسە، كۆزگە ياش كەلمەس.

كۆڭۈل كۆڭۈلگە ئەلچى.

كۆڭۈلنىڭ ئىشى كۆڭۈلگە تايىن.

كۆڭۈل ياتقان يەردە ئىت ياتماس.

كۆيدۈرگىنىڭدىن ئۆلتۈرگىنىڭ ياخشى.

كۆيگىنى ياردا قالدى،
سۆيگىنى ئاردا (قالدى).

كۆيۈككە كۆيۈك داۋا.

كۆيمەك ئاسان، سۆيمەك تەس،
كۈلمەك ئاسان، ئۆلمەك تەس.

كۆيۈمى يوق ياردىن ئىسسىق ئوچاق ياخشى.

كۆرۈشكە قىز ياخشى،
ئويناشقا جۇۋان (ياخشى).

كۆزدىن كۆزۈڭ قايسا،
سۆزدىن كۆڭۈل قايدۇ.

كۆز كۆرگەننى كۆڭۈل تىلەيدۇ،
كۆز كۆرمەي كۆڭۈل سۆيمەيدۇ.

كۆڭۈلنى كۆز تىندۇرار،
قەلبنى سۆز (تىندۇرار).

كۆڭلۈمدىكى يارىم بولسا،
گوبىيدا جايىم بولسا.

كۆڭلى بارغا مايىل بول.

كۆڭۈل دېگەن پادىشاھ،
كۆيۈپ قالسا تارتىشا.

كۆڭۈلسىزگە كۆڭلەك كىيگۈزمەپتۇ.

كۆرۈپ ئاشىق بولغاندىن ئاڭلاپ ئاشىق بولغان يامان.

كۆرمەي تۇرۇپ چۈشەپ قالماس،
كۆنمەي تۇرۇپ كۆيۈپ (قالماس).

كۆرگەنگە كۆيمە، كۆنگەنگە كۆي.

كۆپ خوتۇن ئالغاننىڭ كۆنى تەس،
كۆپ ئەرگە تەگكەننىڭ كۆڭلى پەس.

كۆز كۆرمىسە كۆڭۈل سۆيمەس.

كۆزگە سىغقان كۆڭۈلگە سىغار.

كۆڭۈلنى پۇلغا سېتىۋالغىلى بولماس.

كۆڭۈل دېگەننىڭ ئىشىك ـ دېرىزىسى يوق.

كۆل تام بولسا تۇۋى بوش بولۇر،
كۆيئوغۇل ئوغۇل بولسا كۆڭۈل خۇش (بولۇر).

كۇنداشلىق ئۆيدە كۇندە جېدەل.

كۈلۈپ تۇرۇپ يىغلىغان خوتۇندىن قورق،
ھاۋا ئوچۇق تۇرۇپ چىققان بوراندىن (قورق).

كۈنداش — بېشىڭغا تاش،
كۆزۈڭدە ياش.

كۈنداشلىققا داۋا يوق.

كېيىك ئىزدەپ تاغقا چىق،
يارنى ئىزدەپ باغقا (چىق).

كېلىننى كەلگەندە كۆرۈڭ،
يېلىننى سالغاندا (كۆرۈڭ).

كېلىننىڭ ئايىغىدىن ساقلان،
قويچىنىڭ تايىقىدىن (ساقلان).

كىيىم كەسكەندە بويىغا قارا،
خوتۇن ئالغاندا خۇيىغا (قارا).

كىمنىڭ مېلى كىمگە قالماس،
كىمنىڭ يارى كىمگە (قالماس).

گاچىنىڭمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق كۆڭلى بار.

گۆر ئازابىنى ئۆلگەن بىلۇر،
يار ئازابىنى كۆيگەن (بىلۇر).

گۈل ئېچىلغان يەردە ئەزىز.

گۈلنى ئۈزسەڭ چېكەڭگە قىس.

گۈلنىڭ رەڭگىگە قارىماي پۇرىقىغا قارا،
ئادىمىنىڭ تۇرقىغا قارىماي خۇلقىغا (قارا).

گۈلنى ئۈزسەڭ تاۋار ياغلىققا ئورا.

گۈلنى سۆيگەن تىكىنىدىن قورقماس.

گۈل سۆيگەن تىكەنىنىمۇ سۆيەر.

گۈزەل يولدا تاشلار،
قاراقچى چۆلدە (تاشلار).

گۈزەلگە بىرىلسەڭ گۆرگە باشلار،
كۆڭۈلگە بىرىلسەڭ چۆلگە (باشلار).

گۈرۈچتىن خەۋەر يوق، سەۋزە دەم يەپتۇ،
يىگىتتىن خەۋەر يوق، كېلىن غەم يەپتۇ.

لەۋزىدە تۇرمىغان يىگىت ئەمەس،
ئەرگە تەگكەن قىز (ئەمەس).

لەيلىنىڭ ھۆسنىنى كۆرۈشكە مەجنۇننىڭ كۆزى كېرەك.

مەستانە قىلغاننىڭ قارادۇر كۆزى،
جېنىڭنى ئالغاننىڭ شېرىنىدۇر سۆزى.

مەن بارمايمەن هال تارتىپ،
يار كەلمەيدۇ ماي (تارتىپ).

مۇھەببەت چىراي تاللىماس.

مۇھەببەت ئۆلۈمنى يېڭەر.

مۇھەببەت ھەممىدىن ۋاز كەچتۈرەر.

مۇھەببەتنىڭ ئۇستازى بولماس.

مۇھەببەتنى سېتىۋالغىلى بولماس.

مۇھەببەتنى بىلمەكچى بولساڭ كۆزگە قارا.

مۇھەببەتكە مەسلىھەتچىنىڭ كېرىكى يوق.

مۇھەببەتسىز يۈرەكتىن قۇرۇپ قالغان تېرەك ياخشى.

مۇھەببەتسىز ياشلىق — سايدىكى تاشلىق.

مۇھەببەتسىز كۆڭۈل مېۋىسىز دەرەخ.

مىڭ پىراقتىن بىر ئەلەم يامان.

مىدىرلىغان كۆتەكنى يارماڭ،
يېپىشقاق خوتۇننى ئالماڭ.

نادان بىلەن يۈرمە،
نومۇسۇڭنى تۆكمە.

نارەسىدە سۆيگەننى بىلمەس،
نادان كۆيگەننى (بىلمەس).

نانىڭ قەدرى تەر بىلەن،
خوتۇن قەدرى ئەر بىلەن.

نىكاھ ئىشى — كۆڭۈل ئىشى.

نىكاھ — ئۆمۈر سودىسى.

نىكاھنىڭ مېھرى ئىسسىق.

نىكاھ — غايىب.

هايات مۇھەببەتسىز بولماس،
مۇھەببەت دۇشمەنسىز (بولماس).

هاپىتىغا شاپتى، توڭۇرلۇقتا مەرەزدار.

هاۋايى ھەۋەسنىڭ بېشى كۆل، ئايىغى چۆل.

هۇرۇن خوتۇنغا ئورۇن يارىماپتۇ،
هۇرۇن يىگىتكە خوتۇن (يارىماپتۇ).

هۇرۇن بولساڭ ئەردىن ئۈيات،
تىلەمچى بولساڭ ئەلدىن (ئۈيات).

هۆسنارىخاننىڭ ئون كۆڭلىكى بار،
بىر كۆڭلەكچىلىك هۆسنى يوق.

ھەشقىپىچەك يىپتا تۇز،
ھەركىمنىڭ يارى ئۆزىگە ئۇز.

ھەشەمەتلىك تويىنىڭ غوۋغاسى تولا.

ھەسرەت، تاپا ـ تەنىدە بىلىنەر،
مۇھەببەت ۋاپادا (بىلىنەر).

ھەركىم ئۆز غېمىدە،
قېرى قىز ئەر غېمىدە.

ھەركىمنىڭ سۆيگىنى ئۆزىگە چىرايلىق.

ھەركىم ھەر كويدا،
ھاشىخاچام ئەر كويىدا.

ھەر كىشىنىڭ ئۆزىگە،
گۇل كۆرۈنەر كۆزىگە.

ھەۋەس قېرىماس، ئىشق ئۆلمەس.

ئوتتا كۆيۈپ كۇل بولدۇم،
سۇدا ئېقىپ لاي (بولدۇم).

ئوت دەردىنى كۆيسەڭ بىلەرسەن،
يار قەدرىنى سۆيسەڭ (بىلەرسەن).

ئوت سۇناي دېسەڭ قولۇڭنى ئاچ،
كۆيدۈرەي دېسەڭ نېرى قاچ.

ئوتۇن ئالالمىغان خوتۇن ئالالماس.

ئورنۇڭ ئىسسىمىسا ئونغا تەگ.

ئوخشاشنىڭ پەرقى بار،
قارا قاشنىڭ سەتى (بار).

ئوغلۇڭ ئاشىقلىق قىلسا كۆككە باق،
قىزىڭ ئاشىقلىق قىلسا يەرگە (باق).

ئويلىماي قىلىنغان توي كېيىن بۇزۇلار.

ئويىنىغىلى قىز ياخشى،
تېپىلغىلى مۇز (ياخشى).

ئوغۇل ئاتىسىنى دورار،
قىز ئانىسىنى (دورار).

ئوغلى بارنىڭ ئۆزى بار،
قىزى بارنىڭ ئىزى بار.

ئوغلۇڭنى بايدىن ئۆيلە،
قىزىڭنى كەمبەغەلگە بەر.

ئوچاققا لايىق ئوتۇن سال،
ئۆزۈڭگە لايىق خوتۇن (ئال).

ئولتۇرغان قىز ئورنىنى تاپار.

ئۇلاغ ئالساڭ چىشىنى كۆر،
لايىقىڭنىڭ ئىشىنى كۆر.

ئۇيقۇ كۆرپە تالىماس،
مۇھەببەت چىراي (تالىماس).

ئۇپا چىرايىنىڭ تاپقىنى توپا چىراي:

ئۇياتسىز خوتۇن تۇزسىز ئاش.

ئۇرۇشقاق خوتۇننىڭ ئېرى تېز قېرار.

ئۆزى كەلگەن يارەي،
ئۆزى كەتكەن يارەي.

ئۆي تۇتقاندا دۆت كۆرۈنەر،
ئايرىلغاندا ئوت كۆرۈنەر.

ئۆي تۇتمىغاننى ئۆيگە كىرگۈزمە،
پۇت - قولىنى يەرگە تەگكۈزمە.

ئۆمۈرلۈك دېسەڭ ئىشىغا قارا،
بىر كۈنلۈك دېسەڭ قېشىغا قارا.

ئۆي سالساڭ ئېگىزگە سال، قۇمساڭ بولسىمۇ،
خوتۇن ئالساڭ قىز ئال، ئاقساق بولسىمۇ.

ئۆي قېشىدىكىنى ئالماپتۇ،
يىراقتىكىنى ماراپتۇ.

ئۆيلەنمىگەن يىگىتنىڭ كۆزىگە سەتمۇ ئاي كۆرۈنەر،

ئەرگە تەگمىگەن قىزنىڭ كۆزىگە گادايمۇ باي كۆرۈنەر.

ئۆيلىنىشنىڭ خۇشلۇقى بىر ئايلىق، ۋەھىمىسى ئۆمۈرلۈك.

ئۆي يېقىن، كۆڭۈل يىراق،
كۆڭۈل يېقىن، ئۆي يىراق.

ئۆيۈڭدە بولغانغا ئەمەس، قوينۇڭدا بولغانغا سۆيۈن.

ئۆلۈمدىن قورقمىساڭ قوي قىل،
چىقىمدىن قورقمىساڭ توي (قىل).

ئۆلۈمنىڭ يىغىسى بولىدۇ،
توينىڭ نەغمىسى (بولىدۇ).

ئۆلۈمدىن قورققان ئاشىق ئەمەس.

ئۆي تۇتماس خوتۇننىڭ جېدىلى تولا.

ئۆستەڭ ئاتلاپ خوتۇن ئالساڭ، كەشىگىنىڭ قولىقى ئۇزۇلەر.

ئۆزى كۆرمىگەننى كۆڭلى سۆيمەس،
كۆڭلى سۆيگەندىن كۆزى ئۈزۈلمەس.

ئۆرۈك ئوتىنىڭ چوغى يامان،
قارا قىزنىڭ ئوتى (يامان).

ئۆتمەس پىچاقنىڭ غىلتاڭ بىلەيى،
پۈچۈق قىزنىڭ جىرتاق كۈيۈسى.

ئۆپچۆرەم ئېيتىدۇ: خوتۇن ئالغانغا تويۇڭ،
قېينانام ئېيتىدۇ: قىزىمنى جايىدا قويۇڭ.

ئۆزئارا ماس ئەمەس جۈپتىن تاق ياخشى.

ئۈزۈككە كۆز كېرەك،
قىزغا سۆز كېرەك.

ئۈزۈلمەس سالمىنى بوينۇڭغا سالما،
يامان خوتۇننى ھەرگىز ئالما.

ئۈمىدسىز كىشىدىن ئامەت قاچار،
ئىناقسىز ئۆيدىن بەرىكەت (قاچار).

ۋاپاسىز ئەردىن ھوسۇللۇق يەر ياخشى.

ۋاپاسىزنىڭ ھاياسى يوق.

ئېشەك مىنگەننىڭ پۇتى تىنماس،
ئىككى خوتۇنلۇقنىڭ كۆڭلى (تىنماس).

ئېرى يوقنىڭ ئېرى تولا،
خوتۇنى يوقنىڭ خوتۇنى (تولا).

ئېيىدە بىر ئەر تاپسا قاراپ باقماس ئانىسىغا،
ئۈچ كۈنلۈك يەرگە بېرىپ سالام دېگەي ئاتىسىغا.

ئېشىڭنى سادىققا بەر،
قىزىڭنى ئاشىقىغا (بەر).

ئېغىز يېسە يۈز ئۈيىتار،
توي كۆڭلىسى قىز (ئۈيىتار).

ئېرى تاتۇقنىڭ خوتۇنى پۇچۇق.

ئېتىڭ سېمىز يەم ياخشى،
خوتۇن سېمىز ئەر ياخشى.

ئېچىلمىغان گۈلدىن لەيلىقازاق ياخشى،
ئەسقاتمايدىغان ياردىن ئىسلىق ئوچاق ياخشى.

ئېشەك ئالساڭ قىممەتنى ئال،
خوتۇن ئالساڭ ئەرزاننى (ئال).

ئېگىز شاخقا قولۇم يەتمەس،
يارسىز ئۆمرۈم ئۆتمەس.

ئىچ مايماقنى ئېلىپ قاچ،
تاش مايماقنى تاشلاپ (قاچ).

ئىنەك قاپاق سۈزمىسە، بۇقا ئارغامچا ئۈزمەس.

ئىندەككە كەلمەيدىغان قارچىغا يوق.

ئىشقى يوق ياردىن ئىسسىق ئوچاق ياخشى.

ئىشى يوقنىڭ كارى يوق،
مەيلى يوققا چارە يوق.

ئىككى ئاياغ بىر ئۆتۈككە سىغماس،
ئىككى يار بىر كۆڭۈلگە (سىغماس).

ئىشق باشقا،
ھەۋەس باشقا.

ئىشان سوپىسى بىلەن ياخشى،
چوكان ئۆپىسى بىلەن (ياخشى).

ئىشق ئوتى «پۇۋ» دېگەنگە ئۆچمەس.

ئىش كۆرگەننى ئالما،
بۆشۈك كۆرگەننى ئال.

ياخشى خوتۇن تۇل ئەمەس،
تۇل بولسىمۇ يىل ئەمەس.

ياخشى خوتۇننىڭ ئوسۇرۇقى يوتقاندا پۇرىماس.

ياخشى خوتۇن ئىككى ئەرگە تەگمەس.

ياخشى خوتۇن ياتنى ئۆز قىلار،
يامان خوتۇن ئۆزنى يات (قىلار).

ياد ئەتسەڭ يېنىڭدىمەن،
ياد ئەتمىسەڭ يەمەندىمەن.

يارلىق بولساڭ ياسداق بول.

يارسىز ئۆمۈر ـــ ئۆچكەن ئوت.

يار قەدرىنى يار بىلەر،
ئالتۇن قەدرىنى داتىكەر (بىلەر).

يار كېلەر يارىنى دەپ،
كېتىپ قالار ئارىنى دەپ.

يارنى تاپقاندا گەپ يوق،
گەپنى تاپقاندا يار (يوق).

يارنى تاپقۇچە باغرىم كاۋاپ بولدى،
ئېلىپ قويۇپ ھالىم خاراب بولدى.

يار ئۇچۇن يېگەن تاياقنىڭ يارىسى يوق.

يارنىڭ يامىنى يوق.

يارنى ئويلىسا ئۇيقۇ قاچار،
جاھاننى ئويلىسا غەمگە پاتار.

يارىم مېھرى بىلەن سۆيدۈرەر،
ئىشقى بىلەن كۆيدۈرەر.

يارىم مېھرى بىلەن كۆيدۈرىدۇ،
نازى بىلەن ئۆلتۈرىدۇ.

يارىمنىڭ تىللىغىنى تىللادۇر،
ياندۇرۇپ تىللىغىنى تەيتىللادۇر.

يارىمنىڭ تىللىغىنى — چىللىغىنى.

يازنىڭ قىشى بار، قىشنىڭ يازى بار،
سەتنىڭ ھالى بار، چىرايلىقنىڭ نازى (بار).

ياشلىق تۇرماس،
مۇھەببەت قېرىماس.

ياغاچ بولسا بوش دېمە،
قىزىل بولسا گۈل دېمە.

ياغاق ئاتنىڭ مايماق ئېگىرى بار،
چاپاق خوتۇننىڭ جىرتاق ئېرى (بار).

يالغۇز جانغا گۆر ياخشى.

يا كۆڭلۈڭنى بەر، يا كۆڭلۈمنى ئال.

يامان خوتۇننىڭ ھىيلىسى قامچىدۇر،
پۇت - قولۇڭنى باغلىغىلى ئارغامچىدۇر.

يامان خوتۇن ئۈزۈلمەس تاسما،
ئۇنداق تاسمىنى بېلىڭگە ئاسما.

يامان قىزغا ئانىسى ئەلچى.

يامانىنىڭ قوينىدا ياتقۇچە،
ياخشىنىڭ ئايغىدا بول.

يامانىنىڭ ئوتى يامان.

يامانىنى يار قىلما،
سۆيگەننى خار (قىلما).

يا جاندىن كەچ،
يا جاناندىن (كەچ).

ياتنى تۇغقان قىلاي دېسەڭ ئارىغا پۇل قوي،
تۇغقاننى يات قىلاي دېسەڭ ئارىغا قىز (قوي).

ياندىشقاندىن قاچ،
قاچقاننى قوغلاش.

يان يەردىن شامال چىقار،
چىرايلىققا ھەركىم باقار.

ياخشى يىگىت مالسىز بولسىمۇ، يارسىز بولماس.

ياخشى بىلەن يۈردۈڭ — يەتتىڭ مۇرادقا،
يامان بىلەن يۈردۈڭ — قالدىڭ ئۇياتقا.

ياخشى ئاتقا قامچا لازىم ئەمەس،
ياخشى يارغا ئەلچى (لازىم ئەمەس).

يارىمنىڭ تالاغا چىققىنى — مېنى بالاغا تىققىنى.

ياخشى خوتۇن ناخشىغا ئوخشار،
يامان خوتۇن باخشىغا (ئوخشار).

ياخشى كۆرگەن قىزىڭ قىرىق يىلدىمۇ قىز كۆرۈنەر.

ياخشى خوتۇننىڭ ھىممىتى تېگەر ئەلگە،
ياغدا ئەتكەن كۆمەچلىرى قۇۋۋەت بېرەر بەلگە.

يەرسىز ئىدىم يەرلەندىم،
ئەرسىز ئىدىم ئەرلەندىم.

يولنى سۇ بۇزار،
خوتۇننى پىتنە (بۇزار).

يول يۈرگەندە ئېتىڭ ھارمىسۇن،
قېرىغاندا خوتۇنۇڭ ئۆلمىسۇن.

يول ماڭماي ھېرىپسەن،
ئەرگە تەگمەي قېرىپسەن.

يۇلغۇن چېچىكى سايدا،
تاز خوتۇنغا ئەر قايدا.

يۈز يۈزگە چۈشەر،
مېھىر كۆزگە چۈشەر.

يۈرەكنىڭ سۆزى يۈرەككە ياقار.
يېڭى كۆلنىڭ سۈيى سوغۇق.

يېڭىنىڭ نادانلىقى بار،
كونىنىڭ قەدىردانلىقى (بار).

يىقىن بارسام تىللايدۇ،
يىراق كەتسەم مارايدۇ.

يىقىندىن ئۆيلەنسەم گېپى يامان،
يىراقتىن ئۆيلەنسەم يولى (يامان).

يىقىندىن ئىشەك ئالما،
يىراقتىن خوتۇن (ئالما).

يىكەن ئوتۇن بولماس،
ۋاپاسىز خوتۇن (بولماس).

يىگىتنىڭ سۆزى ياندا،
كونىسى جاندا.

يىقىندىن خوتۇن ئالساڭ قولىقىڭ تىنچىماس،
يىراقتىن خوتۇن ئالساڭ ئۇلىغىڭ (تىنچىماس).

يىگىتكە كۆز كېرەك،
قىزغا بۆز (كېرەك).

يىگىت ئاشىق بولسا قىزغا قارار،
قىز ئاشىق بولسا تېزغا قارار.

يىپ ئۈزۈلسە ئۇلىغىلى بولۇر،
كۆڭۈل ئۈزۈلسە ئۇلىغىلى بولماس.

يىراقتىن خوتۇن ئالساڭ ئال، ئۇلاغ ئالما،
يىقىندىن خوتۇن ئالساڭ ئال، قولاق سالما.

يىراقتىن خوتۇن ئالساڭ ئۇلىغىڭ تىنماس،
تۇغقاندىن خوتۇن ئالساڭ قۇلىقىڭ (تىنماس).

يىگىت سۆيسە ئالار،
قىز سۆيسە قالار.

يىلان باش كېلىنىڭدىن قاپاق باش قىزىڭ ياخشى.



# باللارنىڭ بېيىسى توغرىسىدا

ئاتا باشلىمىغانىنىڭ پورىدىقى چوڭ،
ئانا باشلىمىغانىنىڭ ئەمچىكى (چوڭ).

ئاتا باشلىمىغانىنىڭ خورىكى چوڭ،
ئانا باشلىمىغانىنىڭ ئەمچىكى (چوڭ).

ئاتا بولمىغان ئاتا قەدرىنى بىلمەس.

ئاتا بىلگەن ئاش يەر،
بالا بىلگەن باش (يەر).

ئاتا قارغىشى ئوق،
ئانا قارغىشى پوق.

ئاتا كۆرگەن ئاتا بىلەن تەڭ،
ئانا كۆرگەن ئانا بىلەن تەڭ.

ئاتاڭغا قىلساڭ بالاڭدىن يانار.

ئاتاڭنى كۆرسەڭ ئاتتىن چۈش.

ئاتاڭنىڭ بالىسى بولغۇچە،
ئەلنىڭ بالىسى بول.

ئاتاڭنىڭ قېشىدا بولغۇچە،
ئاناڭنىڭ قېشىدا بول.

ئاتنى كىم قويار، ئاتا.

ئاتىسى بار لەۋەن بالا،
ئانىسى بار بەلەن بالا.

ئاتىسى بولۇشقاقنىڭ ئوغلى ئۇرۇشقاق،
ئانىسى بولۇشقاقنىڭ قىزى بۇدۇشقاق.

ئاتىسىنى بۆسكەن بالا ئەمەس،
ئىگىسىنى ئۇسكەن كالا ئەمەس.

ئاتىسى ئويلاپ يۈرىدۇ،
بالىسى ئويناپ يۈرىدۇ.

ئاتىلىق يېتىم — كۆل يېتىم،
ئانىلىق يېتىم — گۆل يېتىم.

ئاتىنىڭ كۆڭلى بالىدا،
بالىنىڭ كۆڭلى دالىدا.

ئاتىنىڭ پەزىلىتى ئوغۇلغا مىراس.

ئادەم بالىسى دۇكان كۆرمىگۈچە ئادەم بولماس.

ئادەم مېۋىسى بالا،
دەرەخ مېۋىسى چالا.

ئارپا ـ تېرىق تۇلۇمدا،
يېتىم ـ يېسىر بۇلۇڭدا.

ئاكام چوڭ، مەن زور.

ئالا ئىنەكنىڭ بالىسى چالا قۇيرۇق.

ئالدىمدا تۇرسا بار بالام،
كەينىمگە ئۆتسە يوق بالام.

ئالدىن ئۆزۈڭنى تۇزە،
ئاندىن بالىنى (تۇزە).

ئانا ئېيتىپ زېرىكمەس،
بالا يېتىپ زېرىكمەس.

ئاتا ـ ئانا بالىسىنىڭ تېشىنى بىلەر، ئىچىنى بىلمەس.

ئانا سۇتى بىلەن كىرگەن ئەقىل كالا سۇتى بىلەن كىرمەس.

ئاناڭنى ئۇرغۇچە قولۇڭنى كەس.

ئانا مېھرى — بالا بەختى.

ئانىنىڭ ئاچچىق سۆزى پەرزەنتنىڭ ئەقىل كۆزىنى ئاچار.

ئانىنىڭ ئەركە بالىسى — دادىنىڭ ئەسكى بالىسى.

ئائىلىنىڭ يىلتىزى — بالا.

ئايالىڭغا چىرايىڭنى بەر، كۆڭلۈڭنى بەرمە.
بالاڭغا كۆڭلۈڭنى بەر، چىرايىڭنى بەرمە.

ئايغىرى ئالا بولسا، قۇلۇنى ئالا ئاياغ بولۇر.

ئەخلاقسىز بالا — مۈڭگۈزى يوق كالا.

ئەدەپلىك بالا ئۆيۈننى ئويۇن قىلار،
ئەدەپسىز بالا ئويۇننى قويۇن قىلار.

ئەركىلىتىش ئاپەت،
باشقۇرۇش مۇھەببەت.

ئەركە ئۆسكەن بالا — بولىدۇ ئىشقا چالا.

ئەسلىڭنى ئۇنتۇدۇڭ،
نەسلىڭنى قۇرۇتتۇڭ.

باشلاش ئۇستازدىن،
بىلىم ئىلىش ئۆزۈڭدىن.

بالا بولسا شوخ بولسا،
بولمىسا يوق بولسا.

بالاڭنى پۇللۇقمۇ قىلما، پۇلسىزمۇ قويما.

بالىنىڭ ياخشىلىقى ئاتا ـ ئانىدىن بولۇر.

بالىنىڭ ئوبدانلىقى ئاتا تەربىيىسىدىن.

بالىنى ئەركە ئۆگەتسەڭ بېشىڭغا چىقار.

بالىلىقنىڭ كۆزى ياش،
بالىسىزنىڭ باغرى تاش.

بالىلىق ئادەم خار بولماس.

بالىلىرىم ئۇششاق — پۇتۇمغا تۇشاق.

بالىسى يوقنىڭ ئۇلى يوق.

بالىسى بارنىڭ بالىسىنى باققۇچە، ئىشىنى قىل.

بالا يىغلىمىغۇچە ئانا ئەمچەك سالماس.

بالا يىغلاپ چوڭ بولار،
قاپاق ساڭگىلاپ (چوڭ بولار).

بالا يۇگۇرسە قاراپ تۇرغان بوۋاينىڭ پۇتى ئاغرىپتۇ.

بالام مەندىن قېرى،
مەن غەمدىن نېرى.

بالام ـ بالام دېگەنلەر،
چىچىپ پوقىنى يېگەنلەر.

بالاڭ يامان بولسا، ئۆزۈڭدىن كۆر.

بالاڭنى ئىشقا بۇيرۇساڭ، ئارقىسىدىن ئۆزۈڭ بار.

بالا ــــ خاندىن چوڭ.

بالاڭنى مەيلىگە قويۇۋەتسەڭ، چەللىدە ئات چاپتۇرار.

بالاڭنى مەيلىگە قويۇپ بەرسەڭ بېشىڭغا چىقار،
چىۋىننى قورۇمىساڭ بېشىڭغا چىچار.

بالاڭنى مەيلىگە قويساڭ ئوچىقىڭنى بۇزار.

بالاڭنىڭ يىغىسىدىن قورقما،
يىغىسىدىن قورق.

بالاڭنىڭ ئوينىشىغا باق،
قازىنىڭنىڭ قاينىشىغا(باق).

بالاڭنىڭ كەپسىزلىكى ئەيىب ئەمەس، نادانلىقى ئەيىب.

بالاڭنىڭ قولىنى تاشقا ئۆگەتمە،
ئاغزىنى تىللاشقا (ئۆگەتمە).

بالاڭنى ئايىساڭ بالاغا قالىسەن.

بالاڭغا بېرىپ باق،
كەينىدىن سوراپ (باق).

بالا كۆرگەننى دورايدۇ،
قېرى كۆرگەننى سورايدۇ.

بالا قوْچاقتا چاغدا سۆيدۇرەر،
ئۆسكەن چاغدا كۆيدۇرەر.

بالا غەم يېگۈچە، ئاتا ئەلەم يەر.

بالام دەپ يۈگۈرمىگىن تالاغا،
بالا ئۈچۈن قالۇرسەن بالاغا.

بالا چوڭ بولمىغۇچە، ئانا چوڭ بولماس.

بالا تېپىشنى توخۇمۇ بىلەر، تەربىيىلەشنى بىلمەس.

بالا بىزنىڭكى،
ئەقلى - ھوشى ئۆزنىڭكى.

بالا زامانىسىغا ئوخشار.

بالاڭنى ئەدەپكە ئۆگەتمىسەڭ نەسلىڭ قۇرۇر.

بالىنى كىچىكىدىن ئۆگەت.

بالاڭنى مەكتەپكە بەر،
مەكتەپتىن كېيىن مەشرەپكە (بەر).

بالاڭنى مەكتەپكە بەر،
مەكتەپكە بەرمىسەڭ مەشرەپكە (بەر).
(بالاڭنى مەكتەپكە بەر،
مەكتەپتە تۇرمىسا، مەشرەپكە بەر).

بالاڭنى موللىغا بەر،
مولىدىن ئېلىپ ئوردىغا (بەر).

بارى ـ يوقى بىر بالام،
باش ـ كۆزى تاز بالام.

بالا ئەمەس، بالا.

بالا باقساڭ بازار،
باقمىساڭ جازا.

بالا باقساڭ قوملۇقتا باق،
مالنى باقساڭ سايلىقتا (باق).

بالا باققان كەپتەرنىڭ مەيدىسىنىڭ تۈكى يوق.

بالا، بالىنىڭ قىلغان ئىشى چالا.

بايتال سەپەرگە ماڭسا، تاي ئويۇنغا ماڭار.

بەڭۋاش قوزا تۈلكىگە ئامراق.

بوۋا بولساڭ نەقىل ئېيت.

بوش تۇتسا ئۇچۇپ كېتەر،
چىڭ تۇتسا مىجىلىپ (كېتەر).

بۆشۈكتىن چۈشۈپ تۆشۈككە كىرگۈچە ئۆگەن.

بۆشۈك بالىسى ـــ بەگ بالىسى.

بېھىشتىن چىققان كۆك تاياق،
يۈگۈرتىدۇ ياللاڭغىداق.

بېشى باش بولسۇن،
ئايىغى تاش (بولسۇن).

بېخىلنىڭ بالىسى چىڭگىز چىقار،
جاللاتنىڭ بالىسى بىگىز (چىقار).

بېخىلنىڭ بالىسى بەتبەخت بولۇر.

بىلىمسىز بالا ـــ ئەقىلسىز كالا.
پېلەككە بېقىپ خەمەكى بولار.

پىيازنى كېلىنىڭگە توغرات،
چامغۇرنى قىزىڭغا (توغرات).

تەنتەككە تەستەك ھەر جايدا بار.

تەربىيە قاتتىق بولسا، مېۋىسى تاتلىق بولۇر.

تولا يىغلىغان بالا، بالا ئېلىپ كېلەر.

توخۇنىڭ نابابلىقىدىن چۈجىسىنى سار يەر.

توخۇمۇ ئۆز بالىسىنى ياخشى كۆرىدۇ.

تۇغۇلغان ھېساب ئەمەس، توختىغان ھېساب.

تۇغۇۋالمىغۇچە بالا بولماس،
سېتىۋالمىغۇچە قۇل (بولماس).

تېرىق قۇلىقىدىن مەلۇم،
بالا قىلىقىدىن (مەلۇم).

تېكىنى پىچسا سەركە بولۇر،
ئارزۇلىغان بالا ئەركە (بولۇر).

چاقماقتەك ئوغلۇڭ بولسا، چىراغدەك قىزلار كېلۇر.

چاقنى بۇزغان تانىسى،
قىزنى بۇزغان ئانىسى.

چوڭ نېمە قىلسا، كىچىكمۇ شۇنى قىلار.

چوڭى بېشىنى ئاچسا، كىچىكى كۆتىنى ئاچار.

چىرايلىق بالام بولغۇچە، ئەدەپلىك بالام بول.

خېنىم بالام ئۇز،
ئەتكەن ئېشى تۇز.

دادىنىڭ تاپقىنىدا ئانا باقىدۇ،
«ۋاي بالام» دەپ كۆكرەك ياقىدۇ.

دادىسى هاراق ئىچسە، بالىسى مەست بوپتۇ.

دادىنىڭ بالا تەربىيىلىمىگىنى— ئۆزىگە دۈشمەن يېتىشتۈرگىنى.

دۇئا ئالغان ئامان،
قارغىش ئالغان يامان.

سادىن شۇڭقار تۇرىلەر.

سەن يالۋۇرۇپ ئۆتسەڭ، بالاڭ يىغلاپ ئۆتەر.

سەۋەبىنى ئاتىدىن ئىزدە،
نۇقسانىنى بالىدىن (ئىزدە).

سۇلۇق بولساڭ شال قىل،
بالىلىق بولساڭ مال (قىل).

سۆزنىڭ بېشى قاتتىق بولسا، ئايىغى تاتلىق بولۇر.

غورۇنى چىڭىتقان پانىسى،
قىزنى چىڭىتقان ئانىسى.

قاغا بالىسىنى قەقنۇس چاغلار.

قارىغۇ بالىسىنىڭ كۆزىنى سىلار،
سىلاپ - سىلاپ قارىغۇ قىلىپ توختار.

قاراي دېسەم يالماۋۇز بالام،
قارىماي دېسەم يالغۇز بالام.

قارا توخۇمۇ ئاق تۇخۇم تۇغار.

قاپاق ساڭگىلاپ چوڭ بولۇر،
بوۋاق يىغلاپ (چوڭ بولۇر).

قاغا ئېيتار: — ئاپئاق بالام،
كىرپە ئېيتار: — يۇمشاق بالام.

قوڭغۇز ئاتالماسىنىڭ بالىسى توڭگۇز ئېتىپتۇ.

قۇشقاچقا تۈشۈك ياخشى،
بوۋاققا بۆشۈك ياخشى.

قىز بالا ئانىسىغا يۆلەك،
ئوغۇل بالا ئاتىسىغا (يۆلەك).

قىزىڭنىڭ ئوينىشىغا باق،
ئوغلۇڭنىڭ ئويلىشىغا (باق).

قىزىڭنى نومۇسچان قىل،
ئوغلۇڭنى تىرىشچان قىل.

قىيسايغان تامغا يۆلەنچۈك ياخشى،
كىچىك بالىغا بۆلەنچۈك (ياخشى).

كالىنى كۈندە مىنسەڭ قوشقا يارىماس،
بالىغا زۇلۇم قىلساڭ ئادەم بولماس.

كالىلار سۇ ئىچسە، موزاي مۇز يالار.

كالاڭنى ياخشى كۆرسەڭ باغلا،
بالاڭنى ياخشى كۆرسەڭ باشلا.

كالاڭ گەپ يېمىسە مۈڭگۈزىنى سىلا،
بالا گەپ يېمىسە باش ـ كۆزىنى (سىلا).

كالاڭغا كۆڭۈل بۆلگۈچە، بالاڭغا كۆڭۈل بۆل.

كېلىنىنىڭ ئايىغىدىن ساقلا،
كۈيئوغۇلنىڭ تايىقىدىن (ساقلا).

كىچىكىڭدە ئوقۇساڭ چوڭ بولغۇچە بىلەرسەن،
چوڭ بولغاندا ئوقۇساڭ بىلگۈچە ئۆلەرسەن.

كىشىنىڭ بالىسى كىشىگە دوزاخ كۆرۈنەر.

كىچىكىدە هاي بالام،
چوڭ بولغاندا ۋاي بالام.

كىچىكىدە لاتا خارلىقى،
چوڭ بولغاندا ئاتا خارلىقى.

كىچىك بالا ئۆينىڭ چىرىغى.

مايسىنى باهاردا كۆر،
بالاڭنى كىچىكىدە (كۆر).

ماي ئالاي دېسەڭ، قوچقار، سەركە باق،
خاپىلىقتا ئۆتەي دېسەڭ، بالاڭنى ئەركە باق.

مەكتەپ كۆرمىگەن بالا ـــ پادا كۆرمىگەن كالا.

مەست تالادا،
باللىرى بالادا.

موللا بولماق ئاسان، ئادەم بولماق قىيىن.

موما باققان بالا تامدىن سەكرىگەن كالا.

مېۋە چېچەكىدىن بىلىنەر،
بالا كىچىكىدىن (بىلىنەر).

مېنىڭ بالام بار موللا خېلىل،
ئىشقا كاسات، نانغا دەلىل.

مېلى بارنىڭ مېلى ئارداق،
مېلى يوقنىڭ بالىسى (ئارداق).

ھەركىمنىڭ بالىسى ئۆزىگە چىرايلىق.

ئوغلۇڭ چوڭ بولسا، ئۇلۇغلار بىلەن قوشنا بول،
قىزىڭ چوڭ بولسا، قىلىقلىقلار بىلەن (قوشنا بول).

ئوغلۇڭنى بەڭگە ئۆگەتمە،
قىزىڭنى رەڭگە (ئۆگەتمە).

ئوغلۇڭنى مەيدىن قاچۇر،
تېمىڭنى زەيدىن (قاچۇر).

ئوغلۇمغا بەردىم ئورغاقچە،
قىزىمغا بەردىم ئويماقچە.

ئوغلۇمنى دېسەم، كېلىنىم يات،
كېلىنىمنى دېسەم، ئوغلۇم يات.

ئوغلى بارنىڭ ئۆزى بار،
قىزى بارنىڭ ئۆيى (بار).

ئوغلى تەرلەنسە، ئاتىسى راھەتلىنەر.

ئوغۇل تۇغۇلسا ئەل خوش بولۇر،
قىز تۇغۇلسا كۆلۈڭ (خوش بولۇر).

ئوغۇل چوڭ بولسا ئاتا ئارام ئالۇر،
قىز چوڭ بولسا ئانا ئارام ئالۇر.

ئوغۇل شامغا ئوخشار،
قىز ئالمىغا (ئوخشار).

ئوغۇل ئۆيلىسەڭ يىل كېچەش،
قىز چىقارساڭ ئاي (كېچەش).

ئولان كىچىكىدىن، تېرىق قولىقىدىن.

ئويناشسا بالىسى يېڭەر،
چېلىشسا ئاتىسى (يېڭەر).

ئوغۇل ئەلگە بېزەك؛
قىز ئۆيگە (بېزەك).

ئوغلۇڭنى ھۈنەرگە ئۆگەت،
قىزىڭنى سۈلكەتكە (ئۆگەت).

ئوغۇلنى جەڭگە ياراتقان.

ئۇستاز ئۇنتۇلماس.

ئۇلاغ بولسا يېغىرى بولمىسا،
ئوغۇل بولسا قەرزى بولمىسا.

ئۇرۇپ ـ تىللاش ئاسان، تەربىيىلەش قىيىن.

ئۆز بالامنى كۆسەي بىلەن ئۇرسام يېنىپ كىرەر،
كىشىنىڭ بالىسىنى نان بىلەن ئۇرسام قېچىپ كېتەر.

ئۆز بالاڭدىن ئەيىب ئۆتسە، ياتقا شىكايەت قىلما.

ئۆز ئاناڭ ئۆلدى كەلمەيدۇ،
ئۆگەي ئاناڭ ئۆلمەيدۇ.

ئېرىقىڭ تۈز بولسا، سۈيۈڭ كۆپ بولۇر،
بالاڭ قىز بولسا، ئوغلۇڭ كۆپ (بولۇر).

ئىزىڭدىن تىكەن ئۈنسە، ئەۋلادىڭنىڭ پۇتى يارا بولۇر.

يامغۇرسىز چىمەن بولماس،
كۆپ يېگەن تىمەن (بولماس).

ياغاچنى رەندە تۈزەيدۇ،
ئادەمنى تەربىيە (تۈزەيدۇ).

ياۋاش بالا قۇيرۇق يەر،
كەپسىز بالا قوۋۇرغا (يەر).

ياخشى پەرزەنت بېشىڭنى كۆككە يەتكۈزەر.

ياخشى بولسا بالا بولار،
يامان بولسا بالا (بولار).

ياخشى بالا تېپىپ يەر،
يامان بالا سېتىپ (يەر).

ياخشى ئات كۆندۈرۈشكە باغلىق،
ياخشى بالا تەربىيىلەشكە (باغلىق).

يەر بالىسى — پوق بالىسى،
بۆشۈك بالىسى — خان بالىسى.

يۈگۈرۈشنى بىلگەن بالا يىقىلىشنى بىلمەس.

يېڭى كەشنى كىيمەك تەس،
يالغۇز ئوغۇلنى باقماق (تەس).

يېتىمنىڭ ئاتىسى بول.

يېتىمگە ئاتا بولساڭ، بۆكۈڭ لاتا بولۇر.

# سالامەتلىك، تازىلىق توغرىسىدا

ئاتىسى ئۆلگەن تېغىدىن ئايرىلار،
ئانىسى ئۆلگەن بېغىدىن (ئايرىلار).

ئات قېرىسا مۇدۇرگەك بولار،
ئادەم قېرىسا مۇگدىگەك (بولار).

ئات ئۆلسە ئېگىرى قالار،
ئادەم ئۆلسە ئاتىقى (قالار).

ئادەم پۇتىدىن قېرىيدۇ.

ئادەم سۇنى مەينەت قىلار،
سۇ ئادەمنى پاكىز (قىلار).

ئادەم قېرىسا مۇڭ باسار،
ئاغرىغاننى ئوي (باسار).

ئادەم قېرىلىقتىن ئۆلمەس، ئەجەلدىن ئۆلەر.

ئادەم ئۆمۈرگە تويماس.

ئاچ ئۇخلىساڭ تېتىك قوپىسەن.

ئاچلىقتىن توقلۇق يامان.

ئارچا سۈيىنى ئىچكەن مىڭ يىل ياشار.

ئاچلىق بار يەردە ئاغرىق بار.

ئارزۇلىغان ئەي بولماس.

ئاش تۇرغان يەردە ئاغرىق تۇرماس.

ئاز يە، ئاسان تىرىل.

ئاز ـ ئاز يە، كۆپ چاينا.

ئاغرىپ ساقايغان جان ئۇلجا،
يوقىلىپ تېپىلغان مال (ئۇلجا).

ئاغرىق تاغ يىقىلغاندەك كېلىپ، قىل سۇغارغاندەك چىقار.

ئاغرىق باشقا ئاقچا دورا بولماس.

ئاغرىق كەتسىمۇ ئادەت كەتمەس.

ئاغرىققا تەييارلىق ئىشلىمەس،
ئۆلۈمگە هەييارلىق (ئىشلىمەس).

ئاغرىققا كۆلكە ياقماس.

ئاغرىق نەدىن كېلەر، ئاچلىقتىن،
بالا نەدىن كېلەر، قاياشتىن.

ئاغرىقنىڭ ۋەسىيىتى — ياخشىلىقنىڭ ئالامىتى.

ئاغرىقنىڭ ساقايغۇسى كەلسە، تېۋىپ ئۆزى كېلەر.

ئاغرىق نەدىن كېلۇر، ئىلغىماي يېگەن ئاشتىن.

ئاغرىقنىڭ سانجىقى يامان،
سۆزنىڭ ئاچچىقى يامان.

ئاغرىقنىڭ ئېتى ياخشى.

ئاغرىق توختىسىمۇ، ئەجەل توختىماس.

ئاغرىق ئۆرلىسە جېنىڭنى ئالار،
شىپا ئۆرلىسە پۇلۇڭنى (ئالار).

ئاغرىغان چىشنىڭ دورىسى ئامبۇر.

ئاغرىمىغۇچە ئاغرىق ھالىنى بىلمەس.

ئاغرىمىغان ساقلىقنىڭ قەدرىنى بىلمەس.

ئالما يەپ سۇ ئىچمەڭ، ئاغرىيسىز،
جىگەر يەپ سۇ ئىچمەڭ، سەمرىيسىز.

ئالمىخانغا پىرە ئوينا،
ساقايمىسا يەنە ئوينا.

ئالا قاغىدا ئىلىشىڭ بولسا، ئالغىلى ئامانلىق كېرەك.

ئالتۇن بېشىڭ ئامان بولسا، ئالتۇن تاۋاقتا سۇ ئىچەرسەن.

ئامان بولسا بۇ بېشىم،
يەنە چىقار شۇ چىچىم.

ئاق بار ئۆيگە ئاغرىق يولىماس.

ئاياغدىن كۆتۈرۈلگەن چاڭ ئېغىزغا كىرەر.

ئەت يېرىلماي قان چىقماس،
ئەجەل يەتمەي جان (چىقماس).

ئەتىگەندە قىلسا ناشتا،
كېسەل بولماس باشتا.

ئەجەل يەتمەي جان چىقماس.

ئەجىلى پۈتكەن قۇزغۇن قارچىغا بىلەن ئېلىشار.

ئەجىلى تولغان قاغىنىڭ كۆكسى قان.

ئەجەل كەلگەندە ماجال قالماس.

ئەجەل كەلسە جېنىڭنى ئالار،
داخان كەلسە پۇلۇڭنى (ئالار).

ئەر ئۆلسە ئۆتۈكى قالار،
دەرەخ كېسىلسە كۆتىكى (قالار).

ئەر كىشى بېلىدىن قېرىيدۇ،
خوتۇن كىشى گېلىدىن (قېرىيدۇ).

ئەل ساقلىقى — يۇرت بايلىقى.

ئەمانىڭ تىلىكى كۆز،
گاچىنىڭ تىلىكى سۆز.

ئەمىتاخۇن چۈشكۈرسە، مەمىتاخۇن زۇكامداپتۇ.

ئەمەنلىكتە ئەر ئۆلمەس،
ماڭدارلىقتا ئات (ئۆلمەس).

باشنىڭ ساقلىقى بولسا،
تەننىڭ ساقلىقى بولۇر.

باش بۇزۇلسا تاز بولۇر،
پاختا بۇزۇلسا ماز (بولۇر).

باش ئاغرىقى — غەمدىن،
بەل ئاغرىقى — نەمدىن.
كۆز ئاغرىقى — قولدىن،
پۇت ئاغرىقى — يولدىن.

بويۇڭغا قاراپ تون پىچ،
كېسىلىڭگە قاراپ دورا ئىچ.

بوز يېغىم بولغان بولسا، بوز يىگىتىم ئۆلمەس ئىدى.

بۇلبۇل قەدرىنى باغ بىلمەس،
ئاغرىق دەردىنى ساق (بىلمەس).

بۇلاق سۈيى كۆزگە داۋا،
بىتاپقا ئاپتاپ (داۋا).

بېلىمنى ئاغرىتقان گېلىم.

بېشىڭنى سالقىن، قورسىقىڭنى توق،
پۇتۇڭنى ئىسسىق تۇت.

بىر خىل تۇرساڭ يۈز يىل ياشايسەن.

بىر كېسەل ئون كېسەلنى باشلاپ كېلەر.

بىلىمدىن ئارتۇق دوست يوق،
كېسەلدىن ئارتۇق دۈشمەن (يوق).

بىر شاتىراق موزاي پادىنى بۇلغار.

پاكىزلىق ـــ ھەسەل،
مەينەتلىك ـــ كېسەل.

پاكىزلىق ـــ ساغلاملىقنىڭ دورىسى،
ئۆيات ـــ ئەدەپلىكنىڭ جورىسى.

پۇتىدىن يىقىلغان قوپار،
ئېغىزدىن يىقىلغان قوپالماس.

پۇل جانغا ئارا تۇرماس.

پىچاقنى چاقلاپ تۇت،
ئۆيۈڭنى ئاقلاپ (تۇت).

پىيادە يۈرمەن دېگىنىڭ —
ئۇزاق ئۆمۈر كۆرمەن دېگىنىڭ.

تاتلىق مىڭ بولار،
ساقلىق بىر بولار.

تاش يەپ قۇم چىچىپتۇ.

تازىلىق بايلىقتىن ئارتۇق،
ساقلىق شاھلىقتىن (ئارتۇق).

تاز بېشىغا يېشىل تەلپەك،
قېرى كىشىگە يۇمشاق چەلپەك.

تام تۈۋىدىن قېرىيدۇ،
ئادەم ئىچىدىن (قېرىيدۇ).

تەننىڭ ساقلىقى ئۆمۈر يايلىقى،
خاتىرجەملىك كۆڭۈل بايلىقى.

تەننىڭ ساقلىقى ئامەت.

تەن ساقلىق ــ پادىشاھلىق.

تەننىڭ ساقلىقى زور بايلىق.

تەننىڭ ساقلىقى ــ غەمنىڭ يوقلۇقى.

تەننىڭ ساقلىقى ــ يېرىم دۆلەت.

تېنىمنىڭ ساقلىقى جېنىمنىڭ راھىتى.

توخۇ سەمرىسە تۇغمىقى تەس،
ئادەم سەمرىسە قوپمىقى (تەس).

توخۇنىڭ خىيالى دان،
ئاغرىقنىڭ خىيالى جان.

توكۇر ھاسا غېمىدە،
كوسا ساقال غېمىدە.

تۆمۈر نەمدە تۈگەيدۇ،
ئۆمۈر غەمدە (تۈگەيدۇ).

تۆمۈرنى بازغانلىمىسا سايمان بولماس،
ئادەم چېنىقمىسا ساغلام (بولماس).

تۇغۇلۇپ ئەيىب بولماي، تۇرۇپ ئەيىب بولار.

تىرىك تاپار، ئۆلۈك چاچار.

جان راھىتى تەن بىلەن،
تەن ساقلىقى يەم بىلەن.

جان بار يەردە قازا بار.

جانغا تاقاشمىغۇچە جاننى ئەپقاچماس.

جاننىڭ چىققىنىنى ھېچكىم كۆرمەيدۇ.

جوزۇغا — بوزۇغام بولسىدى،
بوز يىگىتىم ئۆلمەس ئىدى.

جېدەلخورنىڭ ئۆمرى كۆتەي.

جېنى ئاغرىمىغان خۇدانى بىلمەس.

چۈشتىكى ئۇيقۇ پادىشاھلىقتىن ئەلا.

چېچەكنىڭ ئىپتى يامان،
قىزىلنىڭ يېلى (يامان).

چېچەكتە چېكىلمىگەن قىزىلدا قىرىلار.

چىۋىن ئۆزى مەينەت نىمە،
ئۇ قونغان نەرسىنى يۇماي يېمە.

چىش سوغۇقتىن ئاغرىيدۇ،
كۆز ئىسسىقتىن (ئاغرىيدۇ).

چىش دورىسى ئامبۇر،
ئۆپكە دورىسى چامغۇر.

چىش ئاغرىقى مېڭىنى يەر،
قۇلاق ئاغرىقى تېڭىنى يەر.

چىش ئاغرىقى ئاغرىق ئەمەس،
چىش ئاغرىقىغا كىشى ئۆلمەس.

چىرىگەن تېرەك يىقىلماي قالماس.

چىراغپايدا ئاش ئىچكەن چېچەننى كۆرۈڭ.

چىقمىغان جانغا ئىلاج يوق.

چىۋىن نەدە بولسا، كېسەل شۇ يەردە.

خوتۇن كىشىنىڭ پاكىزلىقىنى ئېرىنىڭ ياقىسىدىن كۆر.

خوراز يېڭىلسە ۋاڭ دەيدۇ،
دوختۇر يېڭىلسە راك دەيدۇ.

دات تۆمۈرنى يەيدۇ،
دەرد ئۆمۈرنى (يەيدۇ).

دانا قەدرىنى نادان بىلمەس،
ئاغرىق قەدرىنى ساق (بىلمەس).

دەردنى دەردمەن بىلەر،
كېسەلنى تارتقان (بىلەر).

دەۋا كۆچەيسە پۇلۇڭنى ئالار،
ئاغرىق كۆچەيسە جېنىڭنى (ئالار).

دۆلەت يۈزى ئاق، مەينەت يۈزى قارا.

دۇتارنىڭ كارامىتى تارىسى بىلەن،
تېۋىپنىڭ كارامىتى دورىسى بىلەن.

رازى بولمىغان ئاش قورساق ئاغرىتار.

ساغلام بولاي دېسەڭ كۆپ يېمە،
ئىززەت تاپاي دېسەڭ كۆپ دېمە.

ساغلام بەدەن داۋاغا بېقىنماس.

ساقايمايدىغان جاراھەت يوق،
خورىمايدىغان دارامەت (يوق).

ساقايمىغان ئاغرىقنىڭ ئۆلگىنى ياخشى،
ئۆيدىكىلەرنىڭ تىنغىنى (ياخشى).

ساق ئاغرىقنى يوقلار،
ئاغرىق ساقنى قوغلار.

ساق بولاي دېسەڭ گېلىڭنى يىغ،
تىنچ بولاي دېسەڭ تىلىڭنى (يىغ).

ساقلانغان ساغلام بولۇر.

ساقلىقتا خورلۇق يوق.

ساقلىقىڭ ــ بايلىقىڭ.

ساقلىقىڭ ــ شاھلىقىڭ.

ساق يېرىمنىڭ ھالى يوق،
ئاغرىق يېرىمنىڭ تايىنى (يوق).

ساق بولاي دېسەڭ ھەپتىسىگە كۆجە ئىچ.

سامساق، ئۆنى يېگەننىڭ تېنى ساق.

ساياھەت قىلساڭ سالامەت بولىسەن.

سەھەر شاملى يۈرەككە داۋا.

سەھەر قوپقان سالامەت،
ۋاخچى قوپقان پالاكەت.

سەۋەب قىلساڭ زاۋال يوق،
قىلالمىساڭ ئامال (يوق).

سوغ كېسەلگە چىندىن دورا ئەكەلگۈچە ئۆلگۈرەر،
ئىسسىق كېسەلگە ساندۇقتىكى دورىنى ئالغۇچە ئۆلگۈرمەس.

سۈنۈقتىن باشقىسى يۇقىدۇ.

سېمىز قوينىڭ ئۆمرى قىسقا.

سىڭمىگەن نەرسىنى يېمە،
يەپ كېسەل بولدۇم دېمە.

شىپالىق دورا ئاچچىق بولار.

قايغۇ كېسەل چىللار،
خۇشاللىق كېسەلنى قوغلار.

قارنى يامان چىدەم دەر،
چىدەمنى ئىچمۇېلىپ مەيدەم دەر.

قەيىرىڭ ئاغرىسا جان شۇ يەردە.

قوغۇن يېسەڭ سەھەر يە،
سەھەر يېمىسەڭ زەھەر يە.

قورساق ئاغرىقىدىن كۆڭۈل ئاغرىقى يامان.

قوماق باشنى قازان بېشىغا يولاتما.

قولى سۇنۇقنىڭ دەردىنى قولى سۇنغان بىلەر.

قورساقنىڭ ئاچقىنى — ئەقىلنىڭ قاچقىنى.

قورساق ئاغرىقى پوقتىن،
باش ئاغرىقى سوغۇقتىن.

قونمىغان مېھماننىڭ كەتكىنى ياخشى،
ساقايمىغان ئاغرىقنىڭ ئۆلگىنى (ياخشى).

قورسىقنىڭ ئاغرىسا نەپسىڭنى تارت،
كۆزۈڭ ئاغرىسا قولۇڭنى (تارت).

قېرىشتىن قورقما،
يېتىپ قېلىشتىن قورق.

كەمبەغەلنىڭ بايلىقى — تېنىنىڭ ساقلىقى.

كەچتە يېگەن تاماقتىن سەھەر يېگەن مۇشت ياخشى.

كۆزۈڭ كۆكەرسە تامغا تۈرت.

كۆنگە تولا تىكىلگەن كۆزسىز قالار.

كۆزدە توي تولا،
ئەتىيازدا ئۆلۈم تولا.

كېسەلنى بۆلۈشۈۋالغىلى بولماس.

كېسەل كىشى گۆش بىلەن تۈزۈلەر،
كاتىۋال مۇشت بىلەن تۈزۈلەر.

كېسەلنىڭ كېلىشى ئاسان، كېتىشى تەس.

كېسەلنىڭ قامچىسى يۆتەل.

كېسەلنىڭ بىرى — جىندىن، توققۇزى — يىندىن.

كېسەلنىڭ باشلىنىشى ئەسنەك.

كېسەلنىڭ دەردىنى كېسەلمەن بىلەر.

كېسەلنىڭ ئانىسى ــ زۇكام.

كېسەلگە گەپ خۇشياقماس،
ھارغانغا ئويۇن (خۇشياقماس).

كېسەلگە قاراپ دورا،
كاڭغا قاراپ بورا.

كېسەللىك ئېغىزدىن كىرەر.

كېسەل پاتمانلاپ كىرىپ، مىسقاللاپ چىقار.

كېسەل بولمىغۇچە ئاللانى تونۇماپتۇ.

كېسەل بولغاندا قاقشىغۇچە،
ساق چاغدا سەۋەب قىل.

كىيىمنى تازىلىقتا ساقلا،
ئابرۇيىنى ياشلىقتا (ساقلا).

گالدىن ئۆتكەن غەنىيمەت.

گۆش پۇرىمىسا چىۋىن قونماس.

ماغدۇرى يوق سىمىزلىك يامان،
كېسەلنىڭ ئىششىقى يامان.

مەرەزنى داۋالىمىساڭ بېشىڭغا چىقار.

نان تۇرۇپ قالسا سۇغا يۇگۇر،
سۇ تۇرۇپ قالسا گۆرگە يۇگۇر.

هارام قوشتۇڭ نېنىڭغا،
پىچاق سالدىڭ جېنىڭغا.

هاراق ئەقىلنى كېسەر،
تاماكا قۇۋۋەتنى (كېسەر).

هەسەل، قىلمايدۇ كېسەل.
هۇرۇن خوتۇننىڭ ئەتىگىنى ئۇلۇغ ئاشۋاقتى.

ئورمىنى بۆلۇم تۇگىتىدۇ،
ئاغرىقنى ئۆلۇم (تۇگىتىدۇ).

ئون تۇغۇتتىن بىر چۇشۇك يامان.

ئورۇق – سېمىزلىك كۆڭۇلدىن.

ئۇزارتقۇڭ كەلسە ئۆمرۇڭنى،
ئورمانغا چۇمكە هويلاڭنى.

ئۆيدە ئاغرىقىڭ بولمىسۇن،
خىيدا قەرزىڭ (بولمىسۇن).

ئۆمۇر ئۆتەر، هۆسنۇڭ ئۆچەر.

ئۆلۇمنىڭ ئېتى ئېگەرلىك.

ئۆلۈمگە يىغلىغۇچە، كېسەلگە سەۋەب قىل.

ئۆلۈمگە ئاغى يوق،
جانسىزغا قازا (يوق).

ئۆلۈك بولسا ئېڭىكىنى تاڭاي،
تىرىك بولسا يارىسىنى (تاڭاي).

ئۆيىنىڭ بۇرگە بولۇشى نەمدىن،
ئادەمنىڭ دېۋەڭ بولۇشى غەمدىن.

ئۇجمە يېگەن سەھەر يېسۇن،
چۈشتە يېگەن زەھەر يېسۇن.

ئۇزگەك كالىغا ئارقان تۇشماس،
ئىچ سۇرگەنگە ئىشتان (تۇشماس).

ئەلەڭ ـ سەلەڭ ئاغرىقتىن، پۇلاڭ ـ سالاڭ ئۆلگەن ياخشى.

ئىچ ئاغرىقتىن چىش ئاغرىقى يامان.

ئىشىكنى ئاچ،
تىنچىقتىن قاچ.

ئىت يارىسىنى يالاپ ساقايتار.

ئىشچاندىن كېسەل قورقار،
ھۇرۇنغا كېسەل يۇقار.

ياتقان ئاغرىق ئەمەس،
ئۇنى باققان ئاغرىق.

يارا ئېغىز ئالمىغۇچە، ئاغرىق پەسەيمەس.

يارىنىڭ بېشى دانىخورەك.

يار يارنى دېسە جىگدە يېسۇن، سۇ ئىچمىسۇن،
بىئەجەل ئۆلەي دېسە زوڭ ئولتۇرۇپ زەردەك يېسۇن.

ياش تۆككەنگە دەرد چىقماس.

ياشلىق — باشقا دۆلەت،
قېرىلىق — باشقا مەينەت.

ياشلىقتىكى دۆلەتتىن ساقلان،
قېرىلىقتىكى مەينەتتىن (ساقلان).

ياخشى هاۋا — تەنگە داۋا.

يەتمىش كېسەلنىڭ باشلىنىشى — يەل.

يېغىڭ تولا بولسا يېمىزىڭغا سۇر.

# بەخت-تەلەي توغرىسىدا

ئات بېشىغا كۈن كەلسە،
يۈگەن بىلەن سۇ ئىچەر.
ئەر بېشىغا كۈن كەلسە،
ئۆتۈك بىلەن سۇ كېچەر.

ئاچلىقنىڭ تېگىدە ھېكمەت بار،
توقلۇقنىڭ تېگىدە غەپلەت (بار).

ئادەمدىن ئامەت قاچسا،
ئاق يەردە تۈلكە كۆرۈنۈپتۇ.

ئاسمان يىراق، يەر قاتتىق،
ئۆلەي دېسەم جان تاتلىق.

ئەل بېشىغا كۈن چۈشسە،
ئەر باغرىدا مىڭ ئۆچكە.

بەخت قۇش ئەمەس، ئۇچۇپ كەلمەيدۇ،
ھايات سۇ ئەمەس، ئېقىپ كەلمەيدۇ.

بەخت تىلەكتە ئەمەس، بىلەكتە.

بۇ دۆلەت سەندە تۇرماس،
بۇ مەينەت مەندە (تۇرماس).

بىتەلەي تۆگە مىنسە پۇتىنى ئىت چىشلەر.

تەر تۆكۈپ تاپقان بىر مىسقال تىللا،
باشقىلار بەرگەن مىڭ تىللادىن ئەلا.

تەلىيى يوقنىڭ تاغىرىغا بۇغداي قۇيسا، تېرىق چىقار.

تولغاق ئاغرىقى كۆڭۈلدە تۇرماس،
كۆڭۈلدە تۇرسا قايتا تۇغماس.

جاپا چەكسەڭ ھاللىنىسەن،
جاپادىن قورقساڭ خارلىنىسەن.

جان ھەلقۇمغا يەتكەندە قەرزنى قىستاپتۇ،
قولنى لېگەنگە ئۇزارتقاندا تەرەت (قىستاپتۇ).

جانغا تېگىشمىگەن گۆھەرنى نانغا تېگىشەلمەپتۇ.

جاپا ئالدىدا كېلەر،
راھەت كەينىدە كېلەر.

جاپا چەكمەي ھالاۋەت يوق،
كۈرەش قىلماي سائادەت يوق.

جەننەتكە كۆسەي تاقاشماس،
دوزاخقا سەللە (ياراشماس).

چالمىدەك تاشلانغان ئالمىدەك ئەزىز بولار.

خۇدا ئۇرغاننى خۇدابەردىكام قوشلاپ ئۇرۇپتۇ.

دەرد كېلىدۇ كەم غىزالىقتىن،
بەخت كېلىدۇ رازى رىزالىقتىن.

دوتەي بولمىسا، پوتەي بولماس.

دۆ غېرىپنى ئۇرۇپتۇ،
ئۆمۈچۈك مۇساپىرنى (ئۇرۇپتۇ).

رەختىڭگە ئىشەنگۈچە، بەختىڭگە ئىشەن.

سەككىز كۆنلۈك ئۆمۈرنىڭ توققۇز كۆنلۈك ئىشى بار.

قولى گال كاسىپتىن، پۇتى ئىتتىك دىۋانە ياخشى.

قىمارۋازنىڭ ئالچىسى تولا،
پوستەكچىنىڭ خالتىسى تولار.

گۆلۈك كۆندە ئىچىلماس.

مەن قىلۇرمەن توققۇز،
خۇدايىم قىلۇر ئوتتۇز.

مۇشۇك كىمنىڭ گۆشنى يېيىشنى بىلەر.

نانىنىڭ قەدرىنى خامانچى بىلەر،
سۇنىڭ قەدرىنى كارىزچى (بىلەر).

ھۇرۇنغا ئىش يوق،
ئىشچانغا قىش (يوق).

ئۆيگە ئوغرى كىرسە، ئىتنىڭ سىيگۈسى كەپتۇ.

ئۆيقۇسى ئۇزۇننىڭ بەختى قىسقا.

ئىپى كەلسە سىپى ئۆزىدىن چىقار.

ئىشچان بەختىنى ئىشىدىن ئىزدەر،
ھۇرۇن بەختىنى كىشىدىن (ئىزدەر).

ئىسراپچىلىق نەدە،
تەر چىقمىغان يەردە.

يامغۇردىن قېچىپ مۆلدۈرگە ئۇچراپتۇ.

يۈرەكنى تارتسا بېغىر ئاغرىيدۇ.

يېتىم يۆتەلسە، ياڭىقى ئاجرار.

ئىپى كەلمىگۈچە، جېپى كەلمەس.

ئىتنىڭ ئاغزىغا كىرگەن گۆش ساق چىقماس.

يىغلاپ - يىغلاپ چوڭلىغۇلۇق،
ئۇخلاپ - ئۇخلاپ قانغۇلۇق.

## ئۇرۇق-تۇغقان، قوشنىدارچىلىق تۇغرىسىدا

ئات تەپكەنگە ئات چىدار،
ئېشەك تەپكەنگە ئېشەك (چىدار).

ئات كىشنىشىپ تېپىشار،
تۇغقان ئىزدىشىپ (تېپىشار).

ئەسكى چاپان يامغۇردا ياخشى،
يامان تۇغقان ئۆلگەندە (ياخشى).

ئەتىگەن تۇرۇپ قوشناڭغا باق.

ئەرنىڭ ئەسكىسى قاراقچى،
قوشنىنىڭ ئەسكىسى ماراقچى.

باي تۇغقاندىن بولۇت يىقىن.

بىر قوشنا بولۇپ سىناش،
بىر قۇدا بولۇپ (سىناش).

بىر تۇغقانىنىڭ ئۇرۇشۇشى تاۋار يوتقانىنىڭ يىرتىلىشى.

بۆرە قوشنىسىنى يېمەس.

بۆرە قوشنىسىغا يامانلىق سانىماس.

بۆركۆت ئۆز ئۇۋىسى ئەتراپىدا ئوۋ قىلماس.

پىچاقنى ئىشلەتمىسە داتلىشار،
تۇغقان ئىزدەشمىسە ياتلىشار.

تاغامدىن تاغار ياخشى،
هاممامدىن باداڭ (ياخشى).

تونۇرى بىر، كۆسىيى باشقا.

توغرا ئېيتقان تۇغقانغا يارىماس.

تۇغقان تاشلىسا يات بولۇر،
تۆمۈر تاشلىسا دات بولۇر.

تۇغقاننىڭ بېغى چىلاڭ.

تېزىنى باسسا، مېزى چىقار.

سەن تىنچ، مەن تىنچ، قوشناڭ تىنچ.

سول كۆزۈڭ ئوڭ كۆزۈڭگە دۈشمەن.

غېرىبنىڭ هالىغا غېرىب يېتەر.

قاغا قاغىنىڭ كۆزىنى چوقۇماس.

قوشناڭ يىغلىغاندا سەن كۈلمە.

قوشناڭ قارىغۇ بولسا كۆزۈڭنى قىس.

قوشنا قوشنىدىن سەھەر تۇرۇشنى ئۆگىنەر.

قوشناڭنىڭ غەيۋىتىنى قىلسا قۇلاق يوپۇر.

قوشنا قوشنىنىڭ كۆزگۈسى.

قوشناڭ جەبىر قىلسا سەۋر قىل.

قوشنا ھەققى — خۇدا ھەققى.

قوشنىسىز ئەر — سۇسىز يەر.

قوشناڭنىڭ ئۆيىگە قاراپ تۈكۈرمە.

قوشنامنىڭ قوشنامغا قوش كۆرۈنەر.

قوشناڭنىڭ قىزىنى كېلىن قىلما،
نېپىز يۈزۈڭنى قېلىن (قىلما).

قوشناڭ كەلسە ئاشقا،
چىرايىڭ بولمىسۇن باشقا.

قوشناڭ قايان، كېپىشىڭ شۇ يان.

قوشنا جانغا ئارقاق.

قوشناڭ ئەما بولسا گاس بولۇۋال.

قوشناڭ بولسا كۆكەرمە،
جېدەلگە مۇشت كۆتۈرمە.

قولۇڭ ياغ بولسا يېنىڭغا سۈركە.

قىيامەت كەلسە قوشنىدىن.

كالىنىڭ مۈڭگۈزىگە ئۇرسا، تۇيىقى سىرقىرار.

كۆيۈمى يوق تۇغقاندىن كۆيۈمى بار يات ياخشى.

گۆش تىرناقتىن ئايرىلماس.

مۇڭ تۆككىلى قېرىنداش ياخشى.

نان ياققاندا كەلگەن مېھمان، مېھمان ئەمەس.

هاممامنىڭ بەرگىنى ياخشى،
تاغامنىڭ كەلگىنى (ياخشى).

ئوتتۇرىدا قاڭشار بولمىسا، ئۇ كۆز بۇ كۆزنى يەيدۇ.

ئوتنى كوچىلىساڭ ئۆچەر،
قوشناڭنى كوچىلىساڭ كۆچەر.

ئوبدان ئادەم خوشلىشىپ كۆچەر،
ئەسكى ئادەم مۇشتلىشىپ (كۆچەر).

ئۆچرىغانلا كىشى ئۆز بولماس،
يات بىلەن تۇغقان تەڭ بولماس.

ئۇرۇق - تۇغقان تېپىشار، ياتقا بالا يېپىشار.

ئۆيىنى كېپەككە ئال،
قوشنىنى ئالتۇنغا (ئال).

ئۆيىنى بىر سەرگە ئالساڭ،
قوشناڭنى مىڭ سەرگە ئال.

ئۆي سېتىۋالماي، قوشنا سېتىۋال.

ئۆزۈڭنى چىڭ تۇت، قوشناڭنى ئوغرى تۇتما.

ئېلىشنى بىلىپ بېرىشنى بىلمىگەن، قوشنىدارچىلىققا يارىماس.

ئىككى بىر تۇغقاندىن دۆ قورقار.

يالغۇز ئۆي ياخشى ئەمەس،
مۇڭسىز كۆي ناخشا ئەمەس.

ياخشى قوشنا دەردكە داۋا،
يامان قوشنا باشقا بالا.

ياخشى قوشناڭدىن ئايرىلغۇچە،
يامان خوتۇنۇڭدىن ئايرىل.

ياتنىڭ تۆرىدە ئولتۇرغۇچە،
تۇغقاننىڭ ماندىسىدا ئولتۇر.

ياخشى قوشنا ئاتا ـ ئانا،
يامان قوشنا ئوتۇ بالا.

ياخشى قوشنىدىن ئامەت كېلەر،
يامان قوشنىدىن ئاپەت كېلەر.

يان قوشنا — جان قوشنا.

يۇلغۇن ئوتۇنى بەقەم،
تۇغقان دېگەن لەقەم.

# مېھمان ۋە مېھماندارچىلىق توغرىسىدا

ئاش يېسەڭ تاۋۇقىغا باق،
ئاش ئىگىسىنىڭ قاپىقىغا (باق).

ئاتنى نەگە باغلايمەن؟ «ئۆيگە كىرسىلە» دېگەن تىلىمغا.

ئاچ كۆز ئېھساندىن قاچار،
بېخىل مېھماندىن (قاچار).

ئاش ئىگىسى بىلەن تاتلىق.

ئاش كەلسە ئىمان قېچىپتۇ،
زاغرا ناندا مېھمان (قېچىپتۇ).

ئادەمنىڭ ئۆزى ئۇلۇغ،
مېھماننىڭ يۈزى (ئۇلۇغ).

ئايدا كەلگەنگە ئاياق،
كۈندە كەلگەنگە تاياق.

ئادەم ئادەمگە مېھمان،
جان تەنگە (مېھمان).

ئاقىل مېھمان ئۆزۈڭنىمۇ سىنايدۇ،
ئېلىڭنىمۇ (سىنايدۇ).

ئاش تاۋىقىڭ كېرەك ئەمەس،
قاش - قاپىقىڭ كېرەك.

ئەسكى مېھمان ئىشىكتىن كىرگۈچە، كەشى تۆرگە چىقار.

ئەتىيازدا كەلگەن مېھماندىن كۈزدە كەلگەن ئوغرى ياخشى.

بارىنى بەرگەن ئۇيالماس.

بەرمەسىنىڭ ئېشى پىشماس.

بۇغداي نېنى مېھمانغا ياخشى،
قوناق نېنى قېتىققا (ياخشى).

بېخىل مېھماننىڭ قولىغا قارار،
سېخىي مېھماننىڭ يولىغا (قارار).

بىر قېتىم تۇزىنى تېتىغان يەرگە مىڭ قېتىم تەزىم قىل.

پىل بىلەن دوست بولساڭ پىلخانا سال.

تۆگە بىلەن دوست بولساڭ تۆگىخانا سال.

تاپقىنى قوي ئۆلتۈرەر، تاپالمىغىنى چۈجە خوراز.

تاپقىنى گۈل كەلتۈرەر، تاپالمىغىنى بىر باش پىياز.

تاۋاق تارتقاندا تىلىڭنى تارت.

تەسەللا تەكلىپ قىلاي كۆڭلى قالمىسۇن،
ئۇرۇق ئاتقا بوغۇز بېرەي يولدا قالمىسۇن.

تەخەيلىك ئېشەك پايخانغا يارىماس،
بالىلىق خوتۇن مېھمانغا يارىماس.

تويىنىڭ نىكاھ ـ پەتىسى بار،
مېھمانىنىڭ كەلدى ـ كەتتىسى (بار).

توڭلىغانغا يوتقان سال،
ئاچقانغا داستىخان (سال).

تويغان يەرگە توققۇز تەزىم.

تۇيۇقسىز كەلگەن مېھمان ئوغرى توقمىقىدىن يامان.

تۇزنىڭ يولى ئۇلۇغ.

تىرىككە مېھمان لازىم،
ئۆلۈككە ئىمان لازىم.

چاقىرماقنىڭ ئېتى ئۇلۇغ.

چاقىرمىغان يەردە پۇتىمىغان چوماق بار.

چاقىرمىغاندا بېسىپتۇ مېھمان،
ئاش كەلگەندە قېچىپتۇ ئىمان.

چاقىرىلغان مېھمان پۇتىغان تاياق.

چاقىرمىغان مېھمان ئەستاغپۇرۇللا،
چاقىرغان مېھمان بىسمىللا.

چاقىرمىغان مېھماننىڭ ئىززىتى يوق،
چايىنمىغان تائامنىڭ لەززىتى (يوق).

خوتۇنۇڭ پۇچەك بولسا، مېھمىنىڭ مۇتتەھەم
بولۇر.

داستىخان مېھمان بىلەن ئاۋات.

داستىخىنىڭ كەڭ بولسا، يۈزۈڭ چوڭ بولۇر.

ساغەر تۇتقان ساق قالماس.

ساھىبخانا سۆلكەتلىك بولسا،
سۈپرىسى بەرىكەتلىك بولار.

ساھىبخانا بارىنى قويسا، مېھمان ئاز كۆرمەس.

ساھىبخانا ھارماي ئىشلەر،
مېھمان يالماپ چىشلەر.

سەن كەلسەڭ نىمە ئەكېلىسەن؟
مەن بارسام نىمە ئېلىپ بارىمەن؟

سالامچى بولساڭ تۆرگە ئۆت.

سەۋزە، گۇرۇچ ئاش بولۇر،
مېھمان كۆڭلى خۇش (بولۇر).

سېرىق تالدا كەلگەن مېھمان ئوغرى كىرگەندىنمۇ يامان.

سېنىڭ ئىشىكىڭ ئەلگە ئوچۇق بولسا،
ئەل ئىشىكى ساڭا ئوچۇق.

قوي يوق چاغدا قۇربان كېلەر،
نان يوق چاغدا مېھمان كېلەر.

قوينى شاپاققا زورلىما،
مېھماننى تاماققا (زورلىما).

«كەل» دېمەك بار، «كەت» دېمەك يوق.

كەلگەندە ئىززىتىنى قىل،
كەتكەندە ھۆرمىتىنى (قىل).

كەچ بولدى يات،
سەھەر بولدى كەت.

كەلگەن مېھمان ئالتە، قونغان چۈشى ئاتمىش.

كەلسىلە قارىم، سىلىنىڭ ئولتۇرىدىغان يەرلىرى ئايرىم.

كەڭ بولساڭ كەم بولمايسەن.

كۆڭلەك كىرىنى سوپۇن ئالۇر،
كۆڭۈل كىرىنى چاي ئالۇر.

كۆرپە سالساڭ تىز ئۈيلار،
داستىخان سالساڭ يۈز (ئۈيلار).

كۆرپە سېلىش — ھۆرمەت،
داستىخان سېلىش — ھىممەت.

كۈندە مېھمان كەلمەس،
ياسانغاندا يىغا كەلمەس.

كېلىش مېھماندىن، كېتىش ئۆي ئىگىسىدىن.

كېتىۋاتىدۇ - كېلىۋاتىدۇ جاھاننىڭ ئىشى،
ياتنى تۇغقان قىلغان قازاننىڭ ئېشى.

كىيىمىڭگە قاراپ قارشى ئالار،
ئەقلىڭگە قاراپ ئۇزىتار.

كىشىنىڭ ئۆيىگە كىشى كېلەر،
تەڭ كۆرمىسەڭ كىم كېلەر.

كىيىم پىچساڭ بويغا قارا،
قازان ئاسساڭ مېھمانغا (قارا).

كىشىنىڭكىنى بۇلاپ ـ تالاپتۇ،
ئۆزىنىڭكىنى سىقىپ يالاپتۇ.

مېھماننىڭ قولىغا قارىماي، يولىغا قارا.

مېھماننىڭ كۆڭلى ـــ خۇدانىڭ كۆڭلى.

مېھماننىڭ ئېتىمۇ مېھمان، ئىتىمۇ مېھمان.

مېھماننىڭ ئوبدىنى تاماق خىلىلىماس.

مېھمان بىر كۈن تۇرسا تېتار،
ئىككى كۈن تۇرسا سېسار.

مېھمان ئاش دەپ كەلمەس.

مېھماننىڭ رىزقى ئۆزىدىن بۇرۇن كېلەر.

مېھمان كەلسە چاپتۇرار،
بار ـ يوقنى تاپتۇرار.

مېھمان ئۆز رىزقى بىلەن كېلەر.

مېھماننىڭ قەدرى ئۈچ كۈن.

مېھماننىڭ كۆڭلى قىلدىن ئىنچىكە.

مېھماننى ئۆيگە سولاپ،
ئۆزى يۈرەر ئەل سوراپ.

مېھمان كەلسە قوش كېلۇر،
قارنى بوش كېلۇر.

مېھماننىڭ ئۆزى زىل، كۆڭلى قىل.

مېھمان ساھىبخانىغا ئەزىز،
ساھىبخانا مېھمانغا (ئەزىز).

مېھمانغا ئىسسىق ئېشىڭ بولمىسىمۇ، ئىللىق سۆزۈڭ بولسۇن.

مېھمان ئاتاڭدىن ئۇلۇغ.

مېھمان بولسا ئۈچ كۈنلۈك،
ئۇندىن كېيىن كەچكۈلۈك.

مېھمان بىرىنچى كۈنى ئالتۇن،
ئىككىنچى كۈنى كۈمۈش.

مېمهان كەلسە ئەت پىشار،
ئەت پىشمىسا بەت پىشار.

مېھماننى ئاز كۈت، ساز كۈت.

مېھمان كىرگەندە چۈمۈچنى تاراڭلاتما.

مېھمان قوزىدىن ياۋاش.

مېھمان مېھماندىن قىزغىنىپتۇ،
ئۆي ئىگىسى ھەر ئىككىلىسىدىن قىزغىنىپتۇ.

مېھمان كەلسە قۇت كېلەر.

مېھمان ھەم ئۇششۇق، ھەم ياۋاش.

مېھماندارچىلىقتىن يامانلىساڭ مېھمان چاقىر.

مېھماندىن ئايىغان ئاش — باشقا تەگكەن تاش.

مېھماننى كەچ قويساڭ قوي، ئاچ قويما.

مېھماندىن سوراپ تۆگە سويغۇچە،
سورىمايلا سوغۇق سۇ قوي.

مېھماننىڭ كېلىشى ئۆيۈڭگە بەرىكەت.

مېھماننىڭ دىدارى غەنىيمەت.

مېھمانغا قاراپ خورۇچ ئال،
ياغىقا قاراپ گۇرۇچ (ئال).

مېھمان كەلسە نان ئوشات،
دوستۇڭغا قورساق بوشات.

مېنىڭ مەردلىكىمنى خەقنىڭ داستىخىنىدا كۆر.

مىزبان سايراپ ئولتۇرسا، مېھمان يايراپ ئولتۇرار.

نەشپۈتنى ئۆزۈڭگە قوي،
شاپتۇلنى مېھمانغا (قوي).

ئوچۇق چىراي — قايناق چاي.

ئۇياتلىق مېھمان يامان چاغدا كېلۇر.

ئۆينىڭ تۆرگە قارىماي، ساھىبخانىنىڭ چىرايىغا قارا.

ئۆيۈڭ كىچىك بولسىمۇ، نېنىڭ چوڭ بولسۇن.

ئۆينىڭ كۆركى — داستىخان،
داستىخاننىڭ كۆركى — نان.

ئۆي يارىشىقى مېھمان.

ئۆزۈڭگە قوشۇقتا ئېلىپ، كىشىگە چۆمۈچتە بەر.

ئېشى پىشماسنىڭ بەرگۈسى يوق.

ئېشىڭ ئاز بولسىمۇ، پەيلىڭ ساز بولسۇن.

ئىلتىپاتنىڭ چوڭ - كىچىكى يوق.

ئىتنى «چاغ» دېسە، مېھماننىڭ كۆڭلىگە كېلەر.

ئىشىڭ يامان بولسا مېھنىتىڭ كېتەر،
خوتۇنۇڭ يامان بولسا مېھمىنىڭ (كېتەر).

يامدالمىغان[1] ئۆيگە مېھمان كېلەر.

---

[1] يامدالمىغان — سۇپۇرۇلمىگەن.

ياخشى مېھمان چىللىسىمۇ كېلىدۇ، چىللىمىسىمۇ كېلىدۇ.

يەتتە نانغا يۈز بولغان ئىككى توقاچ.

يېمەك لەززىتى — مېھمان ئىززىتى.

يېمىگەننىڭ ئاغزىغا تاش.

يىراقتىكى مېھماننىڭ ئىشىكىنى باغلىغۇچە، يېقىندىكى مېھمان ئۈزاپتۇ.

# يول يۈرۈش ۋە يولداشلىق توغرىسىدا

ئاتلىق دوست يولغا يولداش،
پىيادىسى دائىم قولداش.

ئەتىگەندە يول يۈرسەڭ كەچتە سۆيۈنەرسەن.

چۆلدە ئۇسسۇزلۇق يامان،
يولدا يالغۇزلۇق (يامان).

قىشتا يولغا چىقساڭ ئېتىكىڭنى قار باسار.

كېچىسى يول يۈرسەڭ، تاڭ ئاتقاندا سۆيۈنەرسەن.

مەن ئالدىرايمەن ماڭغىلى،
ئىشىكىم ئالدىرايدۇ ياتقىلى.

مېڭىپ ھارغاندا مايماق ئېشەك مەپە كۆرۈنەر.

نان دېگەن ھەمراھ.

هەمراھ سەپەردە سىنىلار،
دوست خەتەردە (سىنىلار).

يول ئازابى — گۆر ئازابى.

يولدا ئۇچرىغان هەمراھ هەمراھ بولماس.

يولنى يۈرگەن بىلەر.

# غەم-قايغۇ توغرىسىدا

ئادەمنى غەم يەيدۇ،
تۆمۈرنى نەم (يەيدۇ).

ئازاد ئادەمگە ئالەم كەڭ.

ئاچ قۇيرۇقى يېشىلەر،
غەم قۇيرۇقى يېشىلمەس.

باتۇرنىڭ كۆز يېشىنى كۆرمىگۈچە، ھەسرەتنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيسەن.

بالا تاپسام بېشى يوق،
سوقا تاپسام تېشى يوق.

بالا ـ قازا كۆرۈنۈپ كەلمەس، پۈت ـ قولىنى ساڭگىلىتىپ.

بۆرگە نەمدىن ،
ئۆيقۇ غەمدىن .

بېشىڭغا كۈن چۈشكەندە چىشىڭمۇ غوۋغا قىلۇر.

تۇغۇلغىنىڭ — ئۆلگىنىڭ.

تۆگىنىڭ تۆگىدەك يۈكى بار.

خاپىلىق ئالدىدا كېلەر،
پۇشايمان ئارقىدا (كېلەر).

خەلپەم كۈلمەس،
كۈلسە تېلىقىپ قالار.

خەققە دېسە گەپ بولىدۇ،
دېمىسە دەرد بولىدۇ.

خۇشاللىق ياشارتار،
خاپىلىق قېرىتار.

خۇشلۇقتا بالا كۆرۈنمەس.

خىيال باسقان ئەر — ئەمەن باسقان يەر.

دەرد كەلگەندە دەرمان كېتەر.

دەردى بارغا بوستان ياراشماس.

دەزى بار دالدىغا ئۆتىدۇ،
دەردى بار ئالدىغا ئۆتىدۇ.

دەرد كەلسە قوشلاپ كېلەر،
بىر - بىرىنى باشلاپ كېلەر.

رەمچى رەم سالار،
ئىچىڭگە غەم (سالار).

قازاننىڭ قارىسى يامان،
كۆڭۈلنىڭ ئالىسى (يامان).

قۇشناچىمنىڭ پەيلى يامان بولسا، ئىمام خۇپتەننىمۇ
چالا ئوقۇر.

قىزنىڭچىنىڭ قوشنىسى قېرىماس.

كۆڭۈلسىزدىن كۈلكە چىقماس.

كۆپ ئۇيقۇ ئادەمنى لەختە قىلار،
غەم - ئەندىشە زەخمە (قىلار).

كۆڭلۈڭ رەنجىسە كۈلۈپ ئوينا.

كىشى قايغۇسى ئېتەكتە،
ئۆز قايغۇسى يۈرەكتە.

گۈل سەھەردە ئېچىلۇر،
كۆڭۈل كېچىدە (ئېچىلۇر).

مېھماننىڭ مەستلىكى كەيپ،
ساھىبخاننىڭ مەستلىكى ئەيىب.

مېيىت ئىشىكتىن چىقسا، سەۋر تۆشۈلۈكتىن كىرەر.

ھەركىم ئۆز دەردىنى ئۆزى بىلەر.

ئون كۆلكىنىڭ بىر يىغىسى بار.

ئون يىللىق راھەتتىن بىر دەملىك خاپىلىق يامان.

ئۆزۈمنىڭ كۆڭلى — جانان چىنىسى،
ئۆزگىنىڭ كۆڭلى — قاپاق پۆچىقى.

ئىش باشقا چۈشتى،
ئىشتان ئاياغقا چۈشتى.

ئىشنىڭ تۈزەلمىسە، چۈشۈڭ تۈزەلمەس.

ياشلىق سۈدەك ئۆتەر،
ھەسرەت تاشتەك چۆكەر.

يەرنىڭ دەردى بولمىسا شورلىماس،
ئادەمنىڭ دەردى بولمىسا تۈۋلىماس.

# توي-تۆكۈن، ئۆلۈم-يېتىم، بالا-قازا توغرىسىدا

ئاتاڭ ئۆلسە ئۆلسۇن،
ئاتاڭنى كۆرگەنلەر ئۆلمىسۇن.

ئاللا ئىگەم دوست، كەلگەن بالانى توس !

ئەل توي بىلەن،
بۆرە قوي بىلەن.

بالا ـ قازا دەرەخ بېشىدا ئەمەس، ئادەم قېشىدا.

بىر يېيىم خېمىر بىلەن توي ئۆتمەس.

پاراڭدىن قورقمىساڭ توي قىل،
ئۆلۈشتىن قورقمىساڭ قوي قىل.

توي دېسە نەغمىسى يوق،
ئۆلۈم دېسە يىغىسى (يوق).

توقۇناق بالا، ئىلمەك قازا.

تىرىك تۇرۇپ ساندا يوق،
ئۆلۈك بولۇپ گۆردە (يوق).

تىرىكنىڭ يۈزى بار،
ئۆلۈكنىڭ روھى (بار).

تىرىكىدە خەيرىيەت،
ئۆلگىنىدە داد ـ پەرياد.

جېنى بارنىڭ قازاسى بار.

قاپاق كۈندە سۇنماس، كۈنىدە سۇنار.

قازاغا رىزا.

قازا كەلسە قازى ئاخۇنۇمنىڭ بېلى سۇنار.

قېرىنداش ئۆلۈمى — قىيامەت.

كىشىنىڭ ئۆلۈكى تالادا قالماس.

مۇسىبەت كۆڭۈل بۇزىدۇ،
غەيۋەت ئۆي (بۇزىدۇ).

نەسلىك بىر ئادەمدە تۇرماس.

ئورمىنى بۆلۈم تۆگىتەر،
ئادەمنى ئۆلۈم (تۆگىتەر).

ئۆلۈملۈك يەردە موللا سەمرەر.

ئۆلۈم قاش ـ كىرپىكنىڭ ئارىلىقىدا.

ئۆلۈمدىن يامانلىساڭ ئۆلۈپ باق،
تويدىن يامانلىساڭ توي قىلىپ باق.

ئۆلۈمنىڭ يىغىسى بار،
تويىنىڭ نەغمىسى بار.

ياتقاندا يان يوق،
ئۆلگەندە جان (يوق).

يۈماي ـ تارىماي گۆردە قويۇپتۇ.

# بايلىق، نامراتلىق توغرىسىدا

ئالتۇندىن كۆز يېشى تۆكۈلەر.

ئالتۇن بار يەردە جان دەردى.

ئاز ـ ئازدىن كۆپىيەر، ئاز ـ ئازدىن يوقىلار.

ئاز يىغساڭمۇ ھالال يىغ.

ئارتۇق دۆلەت باشنى يارماس.

ئاچ ئۆيدە قېتىق ئۇيۇماس.

ئات تېپىلسا، ئوغلاق تېپىلار.

ئاتاڭدا بولغۇچە، ئالقىنىڭدا بولسۇن.

ئەرزان گۆشنىڭ شورپىسى بولماس،
نامرات بەگنىڭ دورغىسى (بولماس).

ئەسكى تامنىڭ دەزى تولا،
نامراتنىڭ قەرزى تولا.

ئەر غېرىب بولسا ناخشىچى بولار،
خوتۇن غېرىب بولسا يىغىچى (بولار).

بارغا رازى بول،
يوققا سەۋر قىل.

باي باي بولغانسېرى قوڭى پۈرۈلەر.

بار پەرمان بىلەن،
يوق ئارمان بىلەن.

باي سېغىنغاننى يەر،
نامرات تاپقاننى (يەر).

بارنىڭ مايىقى تېگەر،
يوقنىڭ تايىقى (تېگەر).

بايتال بولمىسا تاي بولماس،
تېجىمىگەن باي (بولماس).

باي بارىنى بەرمەس،
يوق قاراپ تۇرماس.

باينى مال باسار،
كەمبەغەلنى بالا (باسار).

بارنىڭ بارى يۇقار،
يوقنىڭ زارى (يوقار).

بارلىق ئوخشىتار،
يوقلۇق قاقشىتار.

باي كالىغا ئامراق،
نامرات بالىغا ئامراق.

بارنىڭ يۈزى يورۇق،
يوقنىڭ يۈزى چورۇق.

بايدا ئارغامچا، كەمبەغەلدە كۆلا،
باي بولاي دېسەڭ، كەمبەغەلنى بۇلا.

بارغا بىر هاشار،
يوقىا مىڭ هاشار.

باي ماختانسا تېپىلار،
يوق ماختانسا چېچىلار.

باينىڭ پۇلى — ئوچاقنىڭ كۆلى.

باي ئۆيىدە قوي ئاسار،
كەمبەغەلنىڭ يۈزىنى قورۇق باسار.

بارلىق توزۇتىدۇ،
يوقلۇق ئۆگىتىدۇ.

بار بارى بىلەن،
يوق هالى بىلەن.

بايدىن پايدا قۇتۇلماس،
باي تۇغقىنىنى تونۇماس.

بارغا باقاۋۇل،
يوققا ياساۋۇل.

بارنىڭ ئىشى پەرمان بىلەن،
يوقنىڭ ئىشى ئارمان بىلەن.

بۇغىنىڭ دۈشمىنى مۈڭگۈزى.

بىر يولۋاسنىڭ ئۆلۈكى مىڭ تۈلكىنى تويدۇرار.

بىر ئۇسسۇلچى بىلەن توي ئۆتمەس.

پۇلى بار كۆندە كۆرۈشەر،
پۇلى يوق كۆندە ئۇرۇشار.

پۇل جانغا ئارا تۇرماس.

پۇلى بار چاغدا قەلەم قاش يىگىت،
پۇلى تۈگىگەندە «ئو - ئۇش» يىگىت.

پۇلۇم بولسا قوللايدۇ،
پۇلۇم بولمىسا قوغلايدۇ.

پۇلنىڭ بىر ئۇچى بىلەكتە، بىر ئۇچى يۈرەكتە.

پۇلۇڭ بولسا مىڭى دوست،
پۇلۇڭ بولمىسا نەدە دوست.

تۇل خوتۇن باي كېلەر.

توقنىڭ تىلىكى — تىللا.

تۆگە قانچە، يېغىرىمۇ شۇنچە.

تېگى بارنىڭ ئۆڭى بار.

تىللاغا يېقىن تۇرساڭ چېڭى بولسىمۇ يۇقار.

تىلىۋالغان تىزغا يەتمەس.

چۇشۇڭگە ئىشەنسەڭ نامرات بولىسەن،
ئىشىڭغا ئىشەنسەڭ باي (بولىسەن).

خاننىڭ خەزىنىسى تولماس.

خاننىڭ خەزىنىسىدىن چىقمىغان تىلەمچىنىڭ خەزىنىسىدىن چىقار.

دورغا بىلمىگەن ئۆينى تىلەمچى بىلەر.

دۆلەتمەن بولساڭمۇ، سۆلەتمەن بولما.

زەرداردىن پۇل سورىماڭ،
تۇل خوتۇندىن تورپاق (سورىماڭ).

سېمىزنىڭ ئايىغى سەككىز.

غېرىبنىڭ كۆڭلى — خۇدانىڭ كۆڭلى.

قوتۇر ئىت تامدىن ئاشالماس.

قوڭۇمدا ئىشتان يوق، ئېتىم مارجان بۇۋى.

قىرسىز يەر ئەسكى،
پۇلسىز ئەر ئەسكى.

گاداينى گاداي قىلغان باينىڭ كونىسى.

گاداي بولساڭ كۆچۈپ باق.

گاداي بىر بۇردا نانغا موھتاج،
باي ھەممىگە موھتاج.

گاداي بايغا يەتسەم دېگۈدەك،
باي خۇداغا يەتسەم دېگۈدەك.

ھاللىنقىقا توخۇسى يوق،
ھاراملىقىقا مۈشۈكى يوق.

ھەر كىشى بارغا باتۇر.

مۇسۇلمانچىلىق توقلۇقتا،
ئىمان قاچار يوقلۇقتا.

مېلى بارنىڭ مېلىغا،
مېلى يوقنىڭ جېنىغا.

نامراتلىق تاشتىن قاتتىق.

نامراتنىڭ قولى قىسقا،
قەرزدارنىڭ تىلى (قىسقا).

ئورۇقنىڭ كۆڭلى يورۇق.

ئورۇق ئاتنىڭ يېغىرى ساقايماس.

ئۇنى تاپساڭ بۇ يوق،
بۇنى تاپساڭ ئۇ (يوق).

ئېتى يوق چېپىشقاق،
ئىشتىنى يوق چېلىشقاق.

ئىپارلىق تۇلۇمنىڭ ئىپارى تۈگىسە، ھىدى قالار.

يانچۇقۇڭدا ئاقچاڭ بولسا دوستۇڭ قاچماس،
بالاغا يولۇقساڭ ساڭا باقماس.

يالىڭاچ سۇدىن قورقماس.

يوقنىڭ يېمى يوق،
بارنىڭ غېمى يوق.

يېڭى باينىڭ ئۇيقۇسى كەلمەس،
نامراتنىڭ قوپقۇسى (كەلمەس).

# پەسىل توغرىسىدا

ئاينىڭ بېشىدىن قورققۇچە، بەشىدىن قورق.

ئالما كۈن نۇرىدا قىزىرار.

ئەتىگەننىڭ تەقدىرى ئاسماندا.

ئەتىيازدا ئىشنى پۇختا قىلساڭ، يىلىڭ ياخشى ئۆتەر.

ئەتىيازنىڭ چالمىسى — كۈزنىڭ ئالمىسى.

ئەتىگەندە كۈننىڭ چىقىشىغا باق،
كەچتە پېتىشىغا (باق).

باھارنىڭ كېلىشى — بېلىقتىن.

بارس يىلى — بايلىق،
قۇيان يىلى — قەھەتچىلىك.

بارس يىلىدا بارىڭنى چاچ،
ھېچبولمىسا تېرىق (چاچ).

بىر قارلىغاچ كەلسىمۇ باھارنىڭ شەپىسى.

بىر يىلدا ئىككى ياز بولماس.

پەسىل كىشىنى ساقلاپ تۇرماس.

تال قىڭغايسا پەس بولۇر،
كۆن قىڭغايسا كەچ (بولۇر).

تارازىدا توختىغان قىشقا كىرەلمەس.

توڭلىغان چاغدا مۇز ئۆچراپتۇ،
ئۈسسۈغاندا ئوت (ئۆچراپتۇ).

تۈندىن كېيىن ناھار كېلۇر،
قىشتىن كېيىن باھار كېلۇر.

تېرەكنىڭ ياخشىسى تۈز،
پەسىلنىڭ ياخشىسى كۈز.

جەۋزا تۇغماي ياز چىقماس.

چاشقان يىلى — توقچىلىق،
قوي يىلى — پوقچىلىق.

چىللە كىردى — قىش قالمىدى،
تومۇز كىردى — ياز قالمىدى.

دەلۋە — دىۋانە،
سوغۇق — بىگانە.

دوغچى ئاپتاپ تىلىسە، ماتاڭچىنىڭ ئاچچىقى كېلەر.

مايلامچى يامغۇر تىلىسە،
پادىچىنىڭ ئاچچىقى كېلەر.

زىرائەت تېرىساڭ چېچەكتە،
هوسۇل ئالىسەن كېچىكتە.

سەۋر يامغۇرى — سېرىق ئالتۇن.

سوغۇق قاردىن چىقۇر،
جىگىردەك ياغدىن چىقۇر.

سوغۇقنى نەدە قىشلايسەن دېسە، تاغارنىڭ ئۇنىدا،
كالىنىڭ بۇرنىدا دېگۇدەك.

سۇسىز گىياھ بولماس،
جۇدۇنسىز باهار (بولماس).

سېرىقتال چاغدا ئەر سارغىيار.

سىيىر يىلى — توقلۇق،
قوي يىلى — پوقلۇق.

شامال تۈۋەندىن كېلەر،
ئاپتاپ يۇقىرىدىن (كېلەر).

غازاڭنىڭ چۇشكۇسى كەلسە بىردەمچىلىك.

غاز كەلدى — ياز كەلدى،
غاز كەتتى — ياز كەتتى.

قەۋس تۇغماي قىش كەلمەس.

قاراڭغۇنىڭ كۆزى يوق.

قارلىغاچ كەلمەي ياز بولماس.

قار ياغماي قىش بولماس،
ئىچى سۇرمەي چىش چىقماس.

قەشقەرنىڭ قىشى ئاز، سوغۇقى ئەتىياز.

قىش باھارنى تونۇدۇرالماس.

قىشنىڭ كۆزى قارىغۇ.

قىشنىڭ قىش بولغىنى ياخشى،
يازنىڭ ياز بولغىنى ياخشى.

قىشنىڭ سوغۇقىدا توڭلىغاندىن يازنىڭ ئىسسىقىدا
كۆيگەن ياخشى.

قىشنىڭ گۈلى — ئوت.

قىشنىڭ كۆنى بىر تۇتام.

قىش ئوچىقى تار،
قوپ ئۆيۈڭگە بار.

قىش كۈنىنىڭ ئاپتىپى دۈشمەننىڭ كۈلكۈنچە بار.

قىشنىڭ ئىشى — هارام،
يازنىڭ ئىشى — پەرداز كالام.

قىشنىڭ غېمىنى يازدا قىل،
يازنىڭ غېمىنى قىشتا قىل.

قىش كۈنى يا جۇۋا ئال، يا جۇۋان ئال.

كۈزنىڭ توپىسىنى يىغ.

كۈندىن قالدىڭ — ئايدىن قالدىڭ،
ئايدىن قالدىڭ — يىلدىن قالدىڭ.

كۈز، ئۆزۈڭنى تۈز.

كۈز — بايۋەچچە، قىش — بىكارچى.

كۈزنىڭ كېلىشى ئەتىيازدىن بەلگىلىك.

كۈز — چىلىق - چىلىق،
قىش — قۇرۇقچىلىق.

كۈزنىڭ قېتىقى — قوينىڭ يېغى.
كۈزنىڭ پوقىمۇ ئالتۇن.

كۈزنىڭ ئاپتىپى چىرايغا ياقار.

مۇزنىڭ ئۆمرى باهارغىچە.

هاۋا سالقىن — پاشا يوق.

هوتۇنىڭ ئېتى يامان،
دەلۋىنىڭ سوغۇقى (يامان).

هوت، كەتمەن سېپىنى تۇت.

هوت، ياخشى كەلسە قوت،
يامان كەلسە جۇت.

هېيتتا كىيمىگەن تونىنىڭ ياقىسىغا چىچاي.

ئۇلۇغ ئاي — سۇت ـ قېتىققا باي.

ئۆتكەن ئەسىردىن كېلەر پەسىل ياخشى.

ئۆرۈك چېچەكتە ئۆرۈك كۆتكىم بولسا.

ئىت يىلىدا بارىڭ ئۆسەر.

ئىت يىلىدا مال كۆپىيەر.

ئىش قىلساڭ پەسىلگە باق،
ئادەم تىللىساڭ ئەسلىگە باق.

ئىشنىڭ بېشى سەھەردىن،
يىلنىڭ بېشى باهاردىن.

ياز پەسلى — ناز پەسلى.

يازنىڭ گىلىمى كەڭ،
يازنىڭ قوينى كەڭ.

ياز ــ يېرىلماق،
قىش ــ قىسىلماق.

يازدا چاناڭنى تەييارلا،
قىشتا هارۋاڭنى (تەييارلا).

يازدا يېپىنچاڭنى ئېلىپ يۈر،
قىشتا ئوزۇقۇڭنى (ئېلىپ يۈر).

يازدا يېيىل، قىشتا قىسىل.

يازدا ئۇخلىغان قىشتا مۇزلار.

ياز بار، قىش بار،
ئالدىرىماڭ، ئىش بار.

يازدا كۈننى ئۇزۇن قىلغان
قىشلىقىنى غەملىۋالسۇن دەپ.
قىشتا تۈننى ئۇزۇن قىلغان
ئۇخلاپ ئارام ئېلىۋالسۇن دەپ.

يازدا چۆگۈننىڭ ئەتىۋارى يوق،
قىشتا يەلپۈگۈچنىڭ (ئەتىۋارى يوق).

يازنىڭ كېلىشىنى باهاردىن بىل.

ياز ــ دۆلەت، قىش ــ مەينەت.

يازنىڭ تېزىكى قىشتا دورا.

يازنىڭ يۈندىسى قىشقا ئۈسسۈلۈق.

يازنىڭ قازنى قۇرۇق بولماس.

ياز بىرىنى باي قىلار،
بىرىنى گاداي (قىلار).

ياز يۈندىسى قىشقا قېتىق.

ياغمىغان يامغۇرغا چەكمەن يېپىنماس.

يامغۇردا يەپ يات، بوراندا دۇم يات.

يەر ھەيدىسەڭ كۆز ھەيدە،
كۆز ھەيدىمىسەڭ، يۈز ھەيدە.

يېزى كېتىپ كۆزى كەلدى،
قىشى كېتىپ مۈزى قالدى.

يىڭنىنىڭ تۆشۈكىدەك كاماردىن تۆگىدەك سوغۇق كىرەر.

# ئاسمان جىسىملىرى ۋە تەبىئەت ھادىسىلىرى توغرىسىدا

ئاسمان — ئەركەك، يەر — چىشى.

ئاينىڭ زىنىنتى يۇلتۇز.

ئاينىڭ نۇرى قۇياشتىن.

ئايغا قاراپ ئېرىقساڭ،
تۆمۈر قوزۇققا تەزىم قىل.

ئاي بىلەن كۈن تەڭ تۇغماس.

ئاي قوتانلىسا ئايدا ياغار،
كۈن قوتانلىسا كۈندە (ياغار).

ئاينىڭ ئون بەشى ئايدىڭ، ئون بەشى قاراڭغۇ.

ئاينىڭ يىلتىزى يۇلتۇز.

ئانام بارغۇچە، لەيلىقازاق توزۇپتۇ.

ئاسمان يىراق، يەر قاتتىق.

بوران بولسا ئارام يوق،
يامغۇر ياغسا توزان يوق.

بوراننىڭ ئالدى تىنچىق.

بوراننىڭ كەينى يامغۇر.

بىر كۆكتە ئىككى ئاي بولماس.

پارچە بۇلۇتتىن يامغۇر كۈتمە.

پۇلى يوق باي بولماس،
يورۇقى يوق ئاي (بولماس).

تامچە سۇدا تال كۆكىرەر.

تاغنىڭ تاغدەك پايدىسى بار،
تاغدەك زىيىنى بار.

تومۇزدا ئۈچ كۈن يامغۇر ياغسا، چاشقان ئۆلەر.

تۈزلەڭلىكتە تاغ يوق.

جۈمە ياغسا شەنبە توختار،
شەنبە ياغسا قاچان توختار.

چولپان تۇغسا ئاي پاتار.

سايننىڭ دەرىخى يوق تۈز كۆرۈنەر،
ياز ئۆتسە كۈز كۆرۈنەر.

سۇ بېشىدا قۇم ئاققۇزار،
ئايىغىدا تاش (ئاققۇزار).

سىم ـ سىم يامغۇر ھۆل قىلۇر،
قىسىر خوتۇن گول قىلۇر.

شاۋقۇنلۇق يامغۇردىن سىم ـ سىم يامغۇر يامان.

شارقىراپ ياغقان يامغۇر ياندىن ئۆتەر،
سىمىلداپ ياغقان يامغۇر جاندىن (ئۆتەر).

شامالدىن تېرىكسە، بوران چىقىپتۇ.

قار ياغدى — ئۇن ياغدى.

قىش غېمىنى يازدا قىل،
قىشتا غەمنى ئاز قىل.

قىشنىڭ سوغۇقى ياندىن ئۆتەر،
ئەتىيازنىڭ سوغۇقى جاندىن (ئۆتەر).

كەلكۈن — يىرتقۇچ ھايۋان.

كۆيدۈرسىمۇ كۈن ياخشى.

كۆلدىكى غاز يامغۇردىن قورقماس.

كۈن بارىدا يۇلتۇز يوق.

كۆن يۇلتۇزدىن نۇر ئالماس.

كۆن چىقمىسمۇ كەچ بولىدۇ.

كۆن يىراق بولسىمۇ ئاپتىپى يېقىن.

كۈنگە باققىنى قىزاردى،
باقمىغىنى قارايدى.

كۆن چىقسا ھەپىرەڭ،
كۆن چىقمىسا زەپىرەڭ.

كىمكى يازدا ھاڭۋاقمىسا، قىشتا ناخشا ئېيتالار.

گۈلدۈردىن قورقما، مۆلدۈردىن قورق.

ھاۋا ئوچۇق بولسا قېچىپ قۇتۇلالمايسەن،
ھاۋا تۇتۇق بولسا، ئىزدەپ تاپارسەن.

ئوت بىلەن سۇ — تىلسىز يېغى.

ئوت كۆيدۈرۈپ قورۇيدۇ،
بوران چېچىپ سورۇيدۇ.

ئوتنىڭ يىلتىزى ئاسماندا.

ئۆكەر يانغا ئۆتسە يازغا تەۋە،
تۇماق گەدەنگە چۈشسە تازغا (تەۋە).

يامغۇر تەگمىگەن ئۆگزە يوق.

يامغۇردىن قېچىپ مۆلدۈرگە قاپتۇ.

يامغۇر ياغدى — ياغ ياغدى،
قار ياغدى — نان ياغدى.

يازنىڭ قەدرىنى بىلەي دېسەڭ، قىشنىڭ سوغۇقىنى ئەسلە.

## دېھقانچىلىق توغرىسىدا

ئاستىنى ئۆرۈپ ھەيدىسەڭ،
دۆۋىلەپ ھوسۇل ئالىسەن.

ئاشلىقىڭ بولسا، قاشلىقىڭ بولار.

ئالا كېۋەز ئات مىندۈرەر،
قىلىن كېۋەز قىرغا (مىندۈرەر).

ئالا زىرائەت ئاتقا مىندۈرەر،
قىلىن زىرائەت قىرغا (مىندۈرەر).

ئادەمنىڭ ھەققىنى يەر قايتۇرار.

ئازگال يەر سۇ ئىچكۈچە، دۆڭ يەر نەم تارتار.

ئاق لەيلى بار يەرگە ئاش تېرىما.

ئالما چېچەكلىگەندە ئالتۇن بېرىپ بۇغداي سۇغار.

ئاتىدىن قالغان دۇنيانى كونا كەتمەن يەپ بولار.

ئايرىپ ـ ئايرىپ ھەيدىسەڭ ئارىدەك بولۇر،
يېرىپ ـ يېرىپ ھەيدىسەڭ يىڭنىدەك بولۇر.

ئاش تېرىش — ئوزۇقلۇق ئۈچۈن،
قوغۇن تېرىش — ئۇسسۇلۇق ئۈچۈن.

ئاش بولمىسا ئىش ئاۋۇماس.

ئالتىنچى ئايدا يەر ھەيدىسەڭ، ساپان ئالدىدىن ياغ تامار.

ئادەم يەرنى باقسا، يەر ئادەمنى باقار.

ئارپىنى ياش ۋاقتىدا سۇغار،
بۇغداينى باش ۋاقتىدا (سۇغار).

ئارقىدا قالغان ئىشىڭغا،
قار ياغىدۇ بېشىڭغا.

ئاتاڭ مىراب بولغۇچە، يېرىڭ ئەن بولسۇن.

ئاشلىق تەر، خامان بولۇر،
تېرىمىساڭ ئارمان بولۇر.

ئامۇت چېچەكلىدە بۇغداي سۇغارساڭ، ئوراڭنى چوڭقۇر قىل.

ئارپا ئاتمىش كۈندە پىشار،
بۇغداي توقسان كۈندە (پىشار).

ئادەمنىڭ ھەققىنى يەر قايتۇرار.

ئاشلىقنىڭ كەم بولسا ھاۋادىن كۆرمە.

ئەتىيازدا قولدەك ئىشلىسەڭ،
قىشتا بەگدەك يەيسەن.

ئەتىيازدا سال، كۈزدە ئال.

ئەمگەكنىڭ ئۇنۇمى بىلەكتىن،
قوغۇننىڭ زورىيىشى چۆنەكتىن.

ئەر بولاي دېسەڭ ئەلدىن ئايرىلما،
ھوسۇل ئالاي دېسەڭ يەردىن (ئايرىلما).

ئەجىر قىلساڭ تاشقا،
ئاغزىڭ تېگەر ئاشقا.

ئەلدىن سورىغۇچە، يەردىن سورا.

ئەمگەك قىلساڭ يەر سېخىي.

ئەمگەك ئېتىزدا قالماس،
باشاق ئېگىزدا (قالماس).

ئەردىن تاپالمىغان بەختىڭنى يەردىن تاپارسەن.

ئەلدىن قالغان ئەر ئەمەس،
دان بەرمىگەن يەر (ئەمەس).

ئەرگە بىر نۆۋەت،
يەرگە بىر نۆۋەت.

ئەلنەغمىگە ئۇسسۇل كېرەك،
دېھقانغا ھوسۇل (كېرەك).

ئەر ياخشى — يەر ياخشى.

ئەڭگىز قالماس بەدەندە، ئوما ئورۇساڭ تومۇزدا.

باھاردىكى ھەرىكەت — كۈزدىكى بەرىكەت.

باھاردا چېچىپ قاچ،
كۈزدە ئېلىپ (قاچ).

بالدۇر تېرىغان ئاش ئالار،
كېيىن تېرىغان تاش (ئالار).

باشاق سانىماي، چاناق سانا.

باش يارىشىقى — بۆك،
يەر يارىشىقى — كۆك.

باي بولاي دېسەڭ ئېتىز چۆرگىلە،
كەمبەغەل بولاي دېسەڭ مازار (چۆرگىلە).

بەشىنچى ئايدا بېشىنى كۆردۈم،
ئالتىنچى ئايدا ئېشىنى (كۆردۈم).

بولىدىغان ئاش كۆكىدىن مەلۇم.

بۇغداي دېگۈدەك: مېنى مۇزغا مىلىسەڭ، سېنى ئۇنغا مىلەيمەن.

بۇلتۇر كەلدى ئورىغىلى،
بۇ يىل كەلدى سورىغىلى.

بۇغداي تېرىساڭ توڭغا،
ئىشىڭ تارتار ئوڭغا.

بۇغداي نېنى ياخشى،
ئېيتقۇزىدۇ ناخشى.

بۇغداي قىغ بىلەن ئوخشار،
قوناق تىغ بىلەن ئوخشار.

بۇيىدىن قاچ، كەكرىگە چاچ.

بۇغداي تېرىساڭ يەڭگىلرەك كۆم،
قوناق تېرىساڭ چوڭقۇرراق (كۆم).

بىر باش بۇغداي — بىر قوشۇق ئاش.

بۇغداي ياخشى ئادالانمىسا، بوغۇزغىمۇ يارىماس،
ئارپا ياخشى ئادالانسا، بۇغدايدىن قالماس.

بېشىڭغا يېغى كەلسىمۇ،
قېچىپ يۇرۇپ ئۇرۇق چاچ.

بېشىڭنى تاتىلىغۇچە، ئېتىمىزىڭنى تاتىلا.

بىر كۈن بۇرۇن تېرىساڭ، ئون كۈن بۇرۇن ئورۇسەن.

بىر كۈن تېرىغان ئاشلىقىڭ يۈز كۈنگە ئوزۇق بولۇر.

بىلىكىڭ تالغۇدەك ئورغاق بىلىسەڭ،
يۈرىكىڭ قانغۇدەك ئورما ئورۇيسەن.

بىر پاتمان ئالتۇنۇڭ بولغۇچە، بىر تاپان يېرىڭ بولسۇن.

بىر مو يەرگە بىر ھاشا،
مىڭ مو يەرگە تاماشا.

بىر داندىن مىڭ دان چىقار.

تازنى ئەر بولمايدۇ دېمە،
سازلىقنى يەر بولمايدۇ دېمە.

تەر تۆكۈپ چاچساڭ ئۈرۈق،
يەر سېنى قويماس قۇرۇق.

تەرگەن ھېساب ئەمەس، يىغقان ھېساب.

توختىمىغان يارغا چوڭ قوزۇق قاق.

توپىنى قانچە ئېگىز يۆلىسەڭ،
قوناق شۇنچە يوغان بولۇر.

تۇرۇپ بازارغا چىقسا،
تېۋىپقا ئىش قالماس.

تۇغقان يوقلاشمىسا يات بولۇر،
كەتمەننى ئىشلەتمىسە دات (بولۇر).

تۆكۈلسە تەرىڭ، ئۈنۈملۈك بولار يېرىڭ.

تېرىق تېرىغان يەر،
كېزىكتىن قوپقان ئەر.

تېرىق تاپساڭ تاشقا چاچ.

تېرىغانغا يەر قېرىماس،
ئىشلىگەنگە ئەر (قېرىماس).

تېرىساڭ ئالىسەن،
تىلىسەڭ تاپىسەن.

تېرىق تېرىيدۇ ھەر كىشى،
يىغىۋالىدۇ ئەر كىشى.

تېمىڭغا ئىشلىگۈچە، يېرىڭگە ئىشلە.

تېۋىپ ھىيلىگە ئامراق،
دېھقان پىلىگە (ئامراق).

تېرىساڭ قىرىق بولار،
تېرىمىساڭ ئېرىق (بولار).

تېرىقمۇ تېرىمايمەن،
قۇشقاچمۇ قورۇمايمەن.

تېرىمىغان ئادەمنىڭ خامىنى بولماس.

تېرىغان خامان قىلار،
تېرىمىغان ئارمان قىلار.

تېرىغان ئورۇپ يەر،
تېرىمىغان سوراپ (يەر).

تېرىيدىغان يېرىڭ نەم بولسۇن،
كىرىدىغان يېرىڭ كەڭ بولسۇن.

تېرىق ئورۇماق — قىز قۇچاقلىماق،
ئارپا ئورۇماق — خۇن چىقارماق.

چېكەتكىدىن قورقساڭ ئاشلىق تېرىما.

خامان يۇمشتاي دېسەڭ، تېگى بىلەن ئۆرۈپ بەر.

خامان تۇگمىگەندە لاي ـ لاينىڭ نېمە ئىشى؟

خامان ئالماق — شەھەر ئالماق.

خامان ئىشى — يەل بىلەن،
ئادەم ئىشى — ئەل بىلەن.

خاننىڭ قېشىدا بولغۇچە، سۇنىڭ بېشىدا بول.

خىللاپ تېرىساڭ بىر دانە،
ساڭغا كىرىدۇ مىڭ دانە.

داننىڭ توقلۇقى تۇپراققا باغلىق،
گۈلنىڭ جامالى يوپۇرماققا (باغلىق).

دان سۈيى — جان سۈيى.

دانسىز باشاق تىك تۇرار.

دەرەخ تىكسەڭ قاش بولار،
ئوغۇت يىغساڭ ئاش (بولار).

دېھقانچىلىق كاندۇر،
ئىشلىتىدىغان ناندۇر.

دېھقانچىلىق — چىلىق - چىلىق،
بەزىدە قۇرغاقچىلىق.

دېھقانچىلىق — چىلىق - چىلىق، بولمىسا قۇرۇقچىلىق.

دېھقان بولساڭ قاشتا بول،
سۇپى بولساڭ باشتا (بول).

دېھقان بولساڭ ۋاقىت - سائىتىنى بىل،
تېرىقچىلىقنى ئۆز ۋاقتىدا قىل.

دېھقاننىڭ پۇلى يەردە،
پېشانىسىدىكى تەردە.
دېھقان تەرگەننى ئالار،

تىلەمچى بەرگەننى (ئالار).

دېنى يوق خامانغا قۇشقاچ چۈشمەس.

دېھقانىنىڭ بۇرنىغا يەر پۇرار.

دېھقانغا ھاشا تولا،
چاپچالدا پاشا (تولا).

زىرائەتنىڭ كۆكىگە ئىشلىمەي، تۇۋىگە ئىشلە.

زىرائەتنىڭ ئوخشىشىنى كەتمەندىن سورا،
خامىنىڭنىڭ ئوخشىشىنى ئارىدىن (سورا).

زىغىر تېرىغان يەر — كېزىك بولغان ئەر.

ساپاندا تۈزەلمىگەن يۈپۈرغىدا تۈزىلەر.

سەن تەر بەرسەڭ، يەر زەر بېرەر.

سۇغا لايىق ئېرىق يوق،
ئېتىزغا لايىق تېرىق يوق.

سۇ كېلىشتىن ئىلگىرى تۇغان سال،
يار كەتمىسۇن يوغان (سال).

سۇ — دېھقانىنىڭ قېنى،
يەر — دېھقانىنىڭ جېنى.
سۇلۇق بولساڭ شال قىل،

بالىلىق بولساڭ مال (قىل).

سۇ كىرگەن ئىتىز قۇرۇق قالماس.

سۇدىن بۇرۇن تۇغان سال.

سۇغا يېقىن سۇچى كېلەر،
چۆلگە يېقىن نوچى (كېلەر).

سۇ تالاشساڭ بېشىنى تالاش.

سۇ باشتا، نان ئاياغتا.

سۇمبۇلدا سۇ سال،
مىسراندا تەر.

سۇيۇڭ غول — ھوسۇلۇڭ مول.

سۇيۇم كۆلدە،
ئېشىم چۆلدە.

سېغىنى يوققا ياز بولماس،
زىرائىتى يوققا كۈز بولماس.

سېرىق نەمگە قوناق تەر،
قارا نەمگە كېۋەز (تەر).

سېغىز يەر — مېغىز يەر،
قۇم يەر — شور يەر،
شور يەر — خور يەر.
شال سۇغا قانماس،
چال ئۆيگە (قانماس).

شالاڭ بوٴغداي باش كوٴرسەتەر،
قويوٴق بوٴغداي چەش (كوٴرسەتەر).

شامالغا قاراپ ئارا ئات.

شامال چىققاندا ئات،
توختىغاندا يات.

شورلوٴق يەرگە ئوسا بىكار،
قىرى خوتوٴنغا ئوسما (بىكار).

غوزا كىۋەزدىن چىگىت چىقماس.

قاچساڭ ئىلىپ قاچ،
كەتسەڭ تىرىپ كەت.

قوناق دان ئالسا ساقىلى كوٴپ چىقار،
تىرىق ئوخشىسا پاخىلى (كوٴپ چىقار).

قوناق تىرىسام خادا بولدى،
كىۋەز تىرىسام شادا (بولدى).

قويوٴق قوناق چاچ كوٴرسەتەر،
سوٴيوٴق قوناق باش (كوٴرسەتەر).

قوناقنى دوٴڭگە تىرى،
بىدىنى ئويغا (تىرى).
قوزا توٴغسا ئوٴستەڭ ئال.

قوْم ئوْنمەس، قوڭغوْز قوشقا ماڭماس.

قوْروْق چاغلاق غولىغا،
هۆل چاغلاق بوينىغا.

قىچىپ كەتكوْچە چىقىپ كەت.

قىشىڭنى كۆرسەتكوْچە، ئىشىڭنى كۆرسەت.

كالىغا هەلەپ ياخشى،
بىنەم يەرگە سەلەپ (ياخشى).

كەتمەنىڭ دەردىنى قول بىلەر،
لەززىتىنى تىل (بىلەر).

كەتمەن چاپمىغان ئاشنىڭ قەدرىنى بىلمەس،
قورسىقى توق ئاچنىڭ دەردىنى بىلمەس.

كەتمەن چاپساڭ ئەپلەپ چاپ،
يەر مېغىزىنى ئىزدەپ تاپ.

كەكرىنى ئاشقا سالما،
كەتمەننى تاشقا (سالما).

كەتمەن ئويدا ئەمەس، گەپ قولدا.
كۆكىنى كۆروْپ كۆكسوْڭنى كەرمە.

كۆكـكـە قارىـماي، كۆتـكـىگە قـارا.

كۆپ چاي ئىچكەن ئەر قېرىماس،
شۇدىگەرلىگەن يەر (قېرىماس).

كۆز ۋاقتىنىڭ چالمىسى — ئەتىيازنىڭ ئالمىسى.

كېۋەز غوزىلاشتىن كۆپىيەر،
قوي قوزىلاشتىن (كۆپىيەر).

كىشىنىڭ يېرىگە ئىشلەپ،
قالدىم لېۋىمنى چىشلەپ.

موزاي قىغى كۇنجۇرا،
كەتمىنىڭنى سۇندۇرا.

موللامنى كېيىن قويغان پەتە،
دېھقاننى كېيىن قويغان ئەتە.

ناشتا قىلغان ئادەم قېرىماس،
شۇدىگەر قىلغان يەر (قېرىماس).

نان دېسەڭ نان بېرىمىز،
سۇ دېسەڭ جان (بېرىمىز).

هال تەگكەن ئاش خاماندا قاپتۇ،
ئۇششۇك تەگكىنى تاغاردا (قاپتۇ).
هوسۇلۇڭ خاماندا ياخشى،

گىردە نان داماندا (ياخشى).

هوسۇل بەرمەيدىغان يەرگە ئوسا بىكار.

هوسۇلسىز يەر — پۇلسىز ئەر.

هۆرۈن خوتۇن ئەردىن يامانلار،
هۆرۈن دېھقان يەردىن (يامانلار).

ئوقۇماي بىلىم ئالغىلى بولماس،
تېرىماي هوسۇل ئالغىلى بولماس.

ئوت - چۆپ كۆپ يەردە زىرائەت ئاز بولۇر.

ئوغۇت سالساڭ قاماللاپ،
ئاش ئالىسەن پاتمانلاپ.

ئوبدان بولسا پېلىكى،
ئوخشار ئۇنىڭ خەمىكى.

ئوغۇت بىلەن يەر كۆچلىنەر،
ئەمگەك بىلەن ئەر (كۆچلىنەر).

ئوناق - ئوناققا كەلمەپتۇ،
ئارقىدىكى يەر قوناققا (كەلمەپتۇ).

ئورما بۆلۈمدە تۇگەر.
ئوت — يەرنىڭ ئۆز بالىسى.

ئوساڭ چالا بولسا، مايساڭ ئالا بولۇر.

ئوغۇت يىغساڭ، ئاش يىغىسەن.

ئوتاقچىلىقتىن كەپسەن ياخشى.

ئوت ئۆچۈرسەڭ چوغىنى قويما،
ئوتاق ئوتىساڭ يىلتىزىنى (قويما).

ئورما، يېگەن ناننى سورىما.

ئۇرۇقلۇقۇڭنى يېگۈچە ئۇيۇڭنى يە.

ئۇرۇق تاپساڭ داڭگالغا تاشلا،
سۆڭەك تاپساڭ جاڭگالغا (تاشلا).

ئۇرۇقنى بېشى بىلەن ساقلا،
جىڭنى تېشى بىلەن (ساقلا).

ئۇرۇق ئۇنمىسە گۇناھنى يەرگە قويما.

ئۇرۇقنى تاشقا چاچ، بەختىڭدىن كۆر.

ئۇرۇقۇڭ ئوبدان بولسا، مايساڭ سەردان بولۇر.

ئۇستا ئوۋچى شىر ئاتار،
قاۋۇل دېھقان بوز ئاچار.
ئۇينىڭ ئوبدىنى ۋاخان بولۇر،

ئادەمنىڭ ئوبدىنى دېھقان بولۇر.

ئۆزىنى ماختىغان ئەر ئەمەس،
ئاش چىقمىغان يەر ئەمەس.

ئۆستەڭگە بېقىپ تاش باس.

ئۆيۈڭ ئۆستەڭ بويىدا بولسا، قاپىقىڭ قۇرۇق قالماس.

ئۆزى قىردا ماڭار،
سۈيى يولدا ماڭار.

ئۆرۈك قىزىل كوس،
بۇغدايغا سۇنى توس.

ئۇندۇرگەن — زېرەكلىك،
قۇرۇتقان — نادانلىق.

ئۇچ ھەيدىگەن يەر — ئالتۇن.

ئېرىقنى چوڭقۇر چاپ، سۇنى ئويناپ تۇت.

ئېگىز يەرنى يونۇپ تۇرساڭ،
تۆۋەن يەر ئۆزىنى ئوڭشار.

ئىنسان كۆلكىگە تەشنا،
مايسا يامغۇرغا (تەشنا).

ئىشلىسەڭ مېغىز يەيسەن،
ئىشلىمىسەڭ سېغىز (يەيسەن).
ئىت بىلەن خامان تەپسەڭ،
پوق بىلەن چەش ئالىسەن.

ئىشنىڭ ئاسنى يوق،
يەرنىڭ يامىنى (يوق).

ئىشلىسەڭ ئالىسەن قاپلاپ ئاش،
ئىشلىمىسەڭ قالىسەن تاتىلاپ باش.

ياخشى ئۇرۇقتىن ياخشى پىياز.

ياخشى ئەردە تۆك تولا،
ياخشى يەردە ئوت (تولا).

ياز كۆنى بېلى بوشنىڭ، قىش كۆنى گېلى بوش.

يەر دېگەن ئالتۇن قوزۇق.

يەر ئالتۇن قوزۇق، غاجىلاپ يېسەڭ تۈگىمەس.

يەردىن تىلىمە، تەردىن تىلە.

يەرنى ئالدىغان ئۆزىنى ئالدار.

يەرنىڭ ئەسكىسى يوق — قىغى يوق،
ئەرنىڭ ئەسكىسى يوق — پۇلى يوق.

يەر ھەيدىگىن بۇقىدا،
شالنى سوققىن سوقىدا.
يەرنى ئالدىساڭ بىر قېتىم،
سېنى ئالدار مىڭ قېتىم.

ياخشى يەر ــــ جاننىڭ جېنى.

يەرنىڭ ئەسكىسىنى ئاق تىكەن باسار.

يەر سەمرىتكەننىڭ قورسىقى توق.

يەر تېرىساڭ باي بولىسەن،
يۈزۈڭ يورۇق ئاي بولىسەن.

يەرگە پەم ئىشلەت،
چايغا قەنت (ئىشلەت).

يەرنى ئوت باسقىنى ــــ ئىگىسىنى نەس باسقىنى.

يەرنى ئوغۇتقا تويدۇرساڭ،
قورساقنى ئاشقا تويدۇرىسەن.

يەر تېرىساڭ ئۇرۇق تاللاپ، ئاش ئالىسەن پاتمانلاپ.

يەرنىڭ كۆزى ئاچ.

يەرگە قاراپ ھوسۇل،
داپقا قاراپ ئۇسسۇل.

يەرگە تەرنىڭ ئۆگىيى يوق،
خوتۇنغا ئەرنىڭ (ئۆگىيى يوق).

يەر كىشىنى يەيدۇ،
كىشى يەرنى يەيدۇ.
يەر قاتتىق بولسا، ئۇ ئۆكۈز بۇ ئۆكۈزدىن كۆرەر.

يەر قوشنا تام قوشنىدىن يېقىن.

يەر تويمىغۇچە ئەل تويماس.

يەر تويدۇرار،
ئوت كۆيدۈرەر.

يەر باقاردىن يەر قورقار.

يەر ئاچچىقى — جان ئاچچىقى.

يەرنىڭ دەردى بولسا شورلايدۇ،
ئادەمنىڭ دەردى بولسا تولايدۇ.

يەر — خەزىنە، سۇ — ئالتۇن.

يول بويىدا بولسۇن جۇجەم، كۆل بويىدا تال،
سۇغا يېقىن دەرەخ تىك، تېز بولىدۇ شال.

يۇپقا قوناققا تاغار توشار،
قېلىن قوناققا خالتا (توشار).

يۇپقا بۇغداي باش كۆرسىتەر،
قېلىن بۇغداي چەش (كۆرسىتەر).

يېرى يوقنىڭ جېنى يوق.
يېرىڭ تاش بولسىمۇ، ئېچىقىڭ باش بولسۇن.

يېرىڭنى ئۆزۈڭ سۇغار،
تۇگمىنىڭگە ئۆزۈڭ بار.

يېرىڭگە ئوت چىقمىسۇن دېسەڭ — كۈزگى تېرى.

يىڭنىدەك تۆشۈكمۇ قاشنى بۇزار.

يىغلاپ يۈرۈپ كۆل چاپساڭ،
كۈلۈپ تۇرۇپ سۇ ئىچىسەن.

يىغلاپ تۇرۇپ قىر چاپساڭ،
ئويناپ تۇرۇپ سۇ تۇتىسەن.

يېرىڭنىڭ قار بىلەن تولغىنى —
ئىشىڭنى خۇدانىڭ ئوڭلىغىنى.

يىلتىز سۇدا بولمىسا، ھوسۇلدىن ئۈمىد كۈتمە.

# ئۇرمانچىلىق توغرىسىدا

ئاتىسى تىككەن كۆچەت نەسلىگە سايە بولار.

ئەجرىڭنى دەريا قىل،
ھەققىڭنى جاڭگالدىن ئال.

بوغۇم يوق يەردىن پۇتاق چىقماس.

بىرنى كەسسەڭ، ئوننى تىك،
بىرنى كەسسەڭ، مىڭنى تىك.

بىنەم ئىچىپ جىرىم قوي،
چۆنكىنى چوڭقۇر ئوي.

بىر يىلنىڭ غېمى ئۇچۇن ئاشلىققا ئىشلە،
ئون يىلنىڭ غېمى ئۇچۇن كۆچەتكە (ئىشلە).

تال دەيدىكەن: ئېنىم يانتاق، ئىگەم جاللات بولسا.

توغراق تىك تۇرۇپ مىڭ يىل، يىقىلىپ مىڭ يىل،
كۆمۈلۈپ مىڭ يىل ياشار.

تېرەك ياراتمىغان شورلۇق توغراقنى ماكان.

تىكمۇەرسەڭ كۆچەتنى بىكار جايغا،
ئايلىنىسەن بىر كۈنى كاتتا بايغا.

جىرىم قويساڭ پۇتاپ تۇر، تۇز لىم ئالىسەن.

چوڭ دەرەخ كىچىككە ئاپەت بولۇر.

چىنار چىرىماس،
ئارچا قېرىماس.

چىلان سالغان چىلان يەر،
سالمىغان ئارمان (يەر).

دەرەخ سالساڭ ھۆرمەت تاپىسەن،
سايىسىدا مېغىز چاقىسەن.

دەرەخ كېسىلسە كۆتىكى قالار.

دەرەخ تىكسەڭ ساقلار تۇپراقنى،
مۇنبەت قىلار بىنەم، ئوتلاقنى.

دەرىخى يوق بازاردىن دەرىخى بار مازار ياخشى.

دەرەخ غولىدىن سۇنماس، شېخىدىن سۇنار.

دوناي ياغاچ تاغقا چىقماس.

سۆگەت سۇغا تويماس.

سۆگەتكە ئەۋرىشىملىك يارىشار،
قېيىنغا قاتتىقلىق (يارىشار).

قۇم كۆپەيسە تاغ بولۇر،
ئورمان كۆپەيسە باغ (بولۇر).

كۆچەت تىكسەڭ پۇتاپ تۇر،
كۆكتات تېرىساڭ ئوتاپ تۇر.

كۆچەتنى سۇندۇرغۇچە، قولۇڭنى سۇندۇر.

كۆكنى سۆيگەن دەرەخ قەلەمچىدىن ئۆسەر.

كۆچەت پوستى بىلەن ياشار،
ئادەم دوستى بىلەن (ياشار).

كۆچەت تىككەن شاپتۇل يەر،
تىكمىگىنى نەق پۇل (يەر).

كۆچەت تىكتىم تام ئاشتى،
تىكمىگەننى قۇم باستى.

مېلىڭ زايە بولسا بولسۇن،
ئورمان زايە بولمىسۇن.

هۇنەرنىڭ پۇلى پات ـ پات كىرەر،
ئورمانىنىڭ پۇلى قات ـ قات (كىرەر).

ئورمان بار يەردە بالا يوق.

ئورمان دېگەن پۇل،
كۆنۈك بولار گۇل.

ئورمان كۆپ بولسا، ئەل باي بولۇر.

ئورمىنى كۆپنىڭ تەلىيى ئوڭ.

ئورمانچىنىڭ ئۆزى ئۆلمەس،
ئۆزى ئۆلسىمۇ ئىزى ئۆلمەس.

ئورمان كۆپكىمۇ يەتكۈزىدۇ، كۆككىمۇ يەتكۈزىدۇ.

ئورمانسىز ھايات بولماس،
ھايات بولسىمۇ راھەت بولماس.

ئورمانلىقنى تاشلىما،
تاشلاپ بېشىڭنى قاشلىما.

ئورمىنى بار ئۇزار،
ئورمىنى يوق تۇزار.

ئورمان بىلەن قاپلانسا سايلىق،
ئاخىرى بولىدۇ بايلىق.

ئورمان قىلغان خار بولماس،
ياغاچ ـ تاشقا زار بولماس.

ئورمان سالساڭ كۆزلەپ سال،
ئورەكلەرنى تۈزلەپ سال.

ئورمان سالغان ساۋاب تاپار،
سالمىغان ئازاب (تاپار).

ئۇزارتقۇلۇق كەلسە ئۆمرۈڭنى،
ئورمانغا چۈمكە چۆرەڭنى.

ئۆيۈڭ ئورماندا بولسا، ئوتۇندىن غەم يېمەيسەن.

ئۆينى ئېگىزگە سال،
كۆچەتنى پەسكە (سال).

ئۆستەڭنىڭ زىننىتى سۆگەت ـ تال.

ياڭاق مىڭ يىل ياشار،
ئارچا بىلەن تەڭ ياشار.

يالغۇز دەرەخ ئورمان بولماس.

يۇرت كۆكەرسە، ئەل كۆكىرەر.

يۇلتۇز كۆكنىڭ زىننىتى،
دەرەخ زېمىننىڭ (زىننىتى).

يىلتىزلىق دەرەخكە بوران كار قىلماس.

يىلتىزى يوق دەرەخ ئايدا تۇتار،
يىلتىزى بار دەرەخ سايدا (تۇتار).

# چارۋىچىلىق توغرىسىدا

ئاتتا ئۆت بولماس،
قوشتا سوت (بولماس).

ئات يۆتەلسە ئوقۇر سال،
كالا يۆتەلسە پىچاق (سال).

ئات ئالساڭ تۇياق ئال،
قوي ئالساڭ قۇلاق (ئال).

ئات بولمىسا، ئېشەك ئۇلۇغ.

ئات يىقىلسا پىچاق سال،
ئېشەك يىقىلسا قوناق (سال).

ئات ئىيغىنى تاي باسار.

ئالتە ئۆچكە مال بولماس،
ھېچ نەرسىگە دال بولماس.

ئاتنى مىنگەندە كۆر،
مىلتىقنى ئاتقاندا (كۆر).

ئات مىنگەن كىشى ئارپا غېمى يېمەس.

ئات ئۆلۈم ئالدىدا تاش چىشلەر.

ئات يەمگە ئامراق،
بۆرگە نەمگە (ئامراق).

ئاتنىڭ يورغىسىنى يولدا كۆر،
قىچىرنىڭكىنى سايدا (كۆر).

ئاتنىڭ سالتىنگى يورغا بولۇر،
ئەرنىڭ سالتىنگى موللا (بولۇر).

ئاتنى تاۋلىسا قۇش بولۇر،
كالىنى تاۋلىسا ئات (بولۇر).

ئات بېشىغا كۈن چۈشسە، يۈگەن بىلەن سۇ ئىچەر.

ئات ھەم ئوقۇردىن، ھەم تورۋىدىن يەر.

ئاتنىڭ ياخشىسى ئارغىماق،
ئوتنىڭ ياخشىسى كۆكقىياق.

ئات، بىر قىلىقى يات.

ئات يىقىتار يالى بىلەن،
ئېشەك يىقىتار تۈيىقى بىلەن.

ئات يوق يەردە ئىشەكمۇ يوق.

ئات ئايلىنىپ ئوقۇرنى تاپار،
قوي ئايلىنىپ قوتاننى تاپار.

ئاچ مىلىم — بار مىلىم،
توق مىلىم — يوق مىلىم.

ئاچ بۆرە مالچىدىن قورقماس.

ئادەمنى توغرىلىقتا ياراتقان،
قوينى قۇربانلىقتا (ياراتقان).

ئەتىيازدا توخۇ تويماس.

ئەمەنلىكتە ئەر ئۆلمەس،
ئاندىزلىقتا ئات (ئۆلمەس).

ئەرنىڭ قانىتى ئات،
ئاتتىن قالساڭ يات.

بالاڭ كۆپ بولسا باغ ياسا،
مىلىڭ كۆپ بولسا تاغ ياسا.

باي بولاي دېسەڭ ئۆچكە باق.

باينىڭ مىلىنى باقمەن دەپ،
كەمبەغەلنىڭ ئىتى ئۆلۈپتۇ.

باي بولاي دېسەڭ تۆگە باق.

باينىڭ قىزىنى ئال،
گادايىنىڭ مېلىنى ئال.

بوي تۆگىدە، ھىممەت قويدا.

بولسا ئەگەر ئوغلىقىڭ، بىلىنمەيدۇ يوقلۇقۇڭ.

بۆرىنىڭ كەينىدىن ماڭغان تۈلكە ئاچلىقتىن ئۆلەر.

بۆرىدىن قورققان چوپان مالدىن قۇرۇق قالار.

بۆرە بولمىسا قوينىڭ مېڭىسى قۇرتلار.

بۆرە بوغقان قوي ھارام بولماس.

بۆرە قوشنىسىغا تەگمەس.

بۆرە ياردىن قورقار،
قۇزغۇن قىردىن (قورقار).

بېدە ئاتنىڭ ئوزۇقى،
توپا ـ سامان دوزىخى.

بېلىق سۇغا تارتار،
توشقان سايغا (تارتار).

بىكار قويۇپ بەرسەڭ ئېشەككىمۇ مۈڭگۈز چىقار.

بېرى مېڭ بولۇر، قۇيرۇقى دىڭ بولۇر.

پادىنىڭمۇ باشلامچىسى بار.

پادىچى يىتكەن مالنى تۆلىيەلمەس.

پاكار تاغ يايلاققا يارىماس.

پىلنىڭ ئۆمرىنى كۆتە قىلغان ئۇنىڭ چىشى.

تامار ـ تامار كۆل بولۇر،
قوزا باقساڭ قوي بولۇر.

تاي باقساڭ تۇلپار بولىدۇ،
قۇش باقساڭ شۇڭقار بولىدۇ.

تاي ئات بولغۇچە، ئىگىسى مات بولار.

تاغ بولۇپ باغ بولمىسا بىكار،
قوي بولۇپ ياغ بولمىسا (بىكار).

تامغىلىق مال يوقالماس.

تاينى ئايغان ئات مىنەر.

تەسكەيدە قار ئۆكسۈمەس،
قويدا ياغ (ئۆكسۈمەس).

تەخەيلىك ئىشەك پايخانغا يارىماس.

توخۇيۇم تۇغسۇن دېسەڭ،
دان بەرمىسەڭ بولماس.

ئىتتىم چاپسۇن دىسەڭ،
يەم بەرمىسەڭ بولماس.

توخۇ بىرەر دىنىڭغا تۇخۇم،
ئىت قاۋايدۇ نىنىڭغا چوقۇم.

توخۇ، توشقان مال ئەمەس،
كاۋا - قاپاق تال (ئەمەس).

توشقان ئۆلسە تۆگە هازا تۇتۇپتۇ.

توخۇ تويماس،
ئۆچرىغاننى قويماس.

توخۇيۇڭنى سانىغۇچە، تۇخۇمىنى سانا.

توخۇ يىمەيدىغان تۈلكە يوق،
بەز يىمەيدىغان مۈشۈك (يوق).

تۆگىنى سۇ ئىچتىسا، ئۆچكىنى لاي ئارىسىدا كۆر.

تۆت ئۆچكىسى بار كىشىگە باغۋەنلىكنىڭ نىمە ئىشى.

تۆگە يىراقتا قارار،
ئىشەك تۇيىقىدا (قارار).

تۆگىمۇ تۆگە، مايىقىمۇ تۆگە.

تۇمانلىق كۈنى تۈلكە ئۇزار،
بورانلىق كۈنى بۆرە (ئۇزار).

چارۋا باققان ياغ يەر،
باقمىغان زاغ (يەر).

چارۋىچىلىق كۆچە ـ كۆچە،
دېھقانچىلىق كۈندۈز ـ كېچە.

چۆلدە يۈرگەن توغراق كۆل قەدرىنى بىلمەس.

چۈجىنى كۈزدە ساناڭ،
ئوغلاقنى تۈزدە ساناڭ.

چۈجىگە تېرىق ياخشى،
سۈغا ئېرىق ياخشى.

ساغلىق قوينىڭ تېشى يامان،
ئەركەك قوينىڭ بېشى (يامان).

سۈنبۈلە توغسا، ئات سەمرەر.

سۈتسىز ئىنەك تەپكەك كېلۈر.

سۈتسىز ئىنەكنىڭ يېلىنى قېلىن.

سېمىز كالىنى سالجا چاقماس.

سېمىز قوي يۈگۈرەلمەس.

سىنىمىغان ئۈلاغنىڭ بېشىنى تۇتماڭ.

شالاڭ قۇيرۇق، نېپىز تۇياق، كالتە يال ئات ئات
بولماس.

قاتار مەھەللىدە توخۇ باقما،
كىشىنىڭ تونۇرىدا نان ياقما.

قاسساپ تىغدىن ئايرىلماس،
مالچى تاغدىن (ئايرىلماس).

قوزا تۇغسا، قوي ئۆلمەس.

قوتانغا بېقىپ قوي سولا.

قوزىدا قوتانغا قارا،
ئۇيدا ئېغىلغا قارا.

قوينى سالجا يەيدۇ،
سارجىنى كۇيە (يەيدۇ).

قوي تۇغۇپ سۈت چىقمىسا، نان بىلەن بوغۇزدا باق.

قوتىنى يوق مال ئەتمە،
قاشاسى يوق باغ (ئەتمە).

قويدىن قوي قالار،
ئۆچكىدىن موي (قالار).

قوي بولسا قوزىسى بولۇر.

قوينى قوتاندا ساقلا،
ئاشنى ئورىدا (ساقلا).

قوي باقساڭ يىغىپ باق،
ئىنەك باقساڭ سىغىپ باق.

قوي ئالساڭ چوڭ قۇلاقنى ئال،
ئۆچكە ئالساڭ چوناقنى (ئال).

قوي تۇغىدۇ بىرە ـ بىرە،
يۈرىدۇ گۈرە ـ گۈرە.
چوشقا تۇغىدۇ گۈرە ـ گۈرە،
يۈرىدۇ بىرە ـ بىرە.

قوي كۆپىيەر بىرە ـ بىرە،
ھەر ئىشىكتە گۈرە ـ گۈرە.
ئىت كۆپىيەر گۈرە ـ گۈرە،
ھەر ئىشىكتە بىرە ـ بىرە.

قۇش بالىسى كۆككە قارار،
قوي بالىسى يەرگە (قارار).

قۇشقاچنى بوردىساڭ توخۇ بولماس،
ئوغلاقنى بوردىساڭ تۆگە (بولماس).

كالىنىڭ گۆشى بىر كۈن، سۈتى ھەر كۈن.

كەنتتە تۇرۇپ، تاغدا مال بېقىپتۇ.

كۈيئوغۇل ئىشىك ئالدىغا كەلگەندە، ئاندىن قوي بورداپتۇ.

كۈزلۈك ئىنەكنىڭ قايمىقى تولا،
كەنجى نوگاينىڭ مايمىقى (تولا).

كۆز پەسلىنىڭ ھەرىسى يامان،
ئايغىر ئاتنىڭ قېرىسى (يامان).

لاي بۆلاق بۇلاق بولماس،
قوتۇر ئېشەك ئۇلاغ (بولماس).

مال باقساڭ يەمنىڭ غېمىدە بول،
ئۆي سالساڭ دەمنىڭ (غېمىدە بول).

مالنى باققانغا باقتۇر،
ناننى ياققانغا ياقتۇر.

مالنىڭ بېشى توخۇ.

مالنى كېپەككە ئال،
باققۇچىنى ئالتۇنغا (ئال).

مالنى تاپقان باقسۇن،
ئوتۇننى چاپقان ياقسۇن.

مالنى باقساڭ توق بولار،
بولمىسا يوق بولار.

مال بولسا مومام بار.

مالچىنىڭ ئىتى تالاشسا، بۆرە نەپ ئالۇر.

مالچى بولساڭ ھاننات بول،
باغچى بولساڭ جاللات (بول).

موزاي ئىنەكتىن ئايرىلماس،
سويما پېلەكتىن (ئايرىلماس).

موزاي ئېغىلنى ئىزدەر،
ئىت يالىقىنى (ئىزدەر).

مىلىڭ قويغا بۆرە چاپسا،
بىرىگە پىچاق ئېلىپ يۈگۈرۈپتۇ.

مىڭ قۇشقاچ باقساڭ، بىر كالىچىلىك گۆشى يوق.

ھاڭگا ئېشەك تەخىيگە ئىگە ئەمەس.

ھۆپۈپنىڭ تۇمشۇقى ئۇزۇن،
سېغىزخاننىڭ قۇيرۇقى (ئۇزۇن).

ئوت - چۆپ يىغقان پۇل يىغار،
ئوتۇن يىغقان كۇل (يىغار).

ئورۇق قوينىڭ مايىقى يوغان.

ئورۇق مالنى باقسا سەمرىيدۇ،
چىغىر يولنى ماڭسا كەڭرىيدۇ.

ئۇي ئۇي تۇغار،
قوي قوي تۇغار.

ئۇلىغىڭنى مال قىل،
پىچىقىڭنى گال (قىل).

ئۆي بولىدىغان كالا موزاي چىغىدىلا بەلگىلىك.

ئۆردەك كۆلگە قارار،
يىلان چۆلگە (قارار).

ئۆچكە سەمرىسە، دۆڭگە چىقىپ مەرەيدۇ.

ئۇسكەك ئۆكۈزنىڭ مۈڭگۈزى كېسىك.

ئۈزۈم باغدا پۈل،
قوي تاغدا (پۈل).

ئېشەكنىڭ تەخىيى كۆپەيسە، يۈكى ئېغىرلىشار.

ئېشەك كۈل تاپسا ئېغىنار.

ئېغىلدىن قاچقان قوي بۆرىگە يولۇقار.

ئېشەك سەمرىسە تۆۋەنگە قاچار،
تېكە سەمرىسە سۈيدۈك چاچار.

ئېشەكنىڭ قېرىسى موزاينى قېرىتار.

ئېشەكنىڭ دۈمبىسى قىچىشسا، يۈك قېشىغا چاپار.

ئېتىڭنى كۈزدە سۇدىن تارتما،
ئەتىيازدا ئوتتىن (تارتما).

ئېشەك باقساڭ كۆچەتكە ئارام يوق،
باقمىساڭ جانغا (ئارام يوق).

ئىتىڭنى قامچا بىلەن ھەيدىمەي، يەم بىلەن ھەيدە.

ئىتىزلىقتا قويغا ئىشەنمە،
قوتاندا بۆرىگە (ئىشەنمە).

ئىدىرلىقنىڭ چۆپى تۈگىمەس،
بويۇننىڭ گۆشى (تۈگىمەس).

ئىككى ئۆچكە بىر ئىغىلدا پىتىشماس.

ئىگىسىز مال بولماس،
يۈگەنسىز تۇلپار (بولماس).

ئىت توغلىسا مۈزدا ياتار.

ئىت قۇيرۇقىغا ئېسىلىپ دەرياغا كىرمە.

ئىتقا ئاش بەرسەڭ پىشىقىغا ئېسىلار.

ئىت قاۋسا چىشى ھىڭگايماي قالماس.

ئىتنىڭ ئىگىسى كۆپ بولسىمۇ، ئۆلۈكى چۆلدە.

ئىنەكنىڭ سۈتى يىلىنىدا ئەمەس، يىمىدا.

ئىت ئىگىسى بىلەن بولسا، يولۋاسقا چاڭ سالار.

ئىنەكنىڭ ئۈستى ئۆلاق،
ئاستى بۇلاق.

ئىت باقساڭ قاۋاپ بېرەر،
قۇش باقساڭ سايراپ بېرەر.

ياخشى دېھقان ئۇلاغنى باقار،
يامان دېھقان قامچىسىنى قاقار.

ياخشى ئات ئوغۇل بالىغا قانات.

يامان كالا ياردا موزايلاپتۇ.

يايلاقنى مال تونۇيدۇ،
مالنى مالچى (تونۇيدۇ).

يەلسىز جۇت بولماس،
بۆرىسىز قۇت (بولماس).

يەرلىك بولمىغۇچە، ماللىق بولمايسەن.

يىلاندىن قورقۇپ چۆپ ئورۇمىساڭ، قىشتا ئاغزىڭ ياغ بولماس.

# بېلىقچىلىق توغرىسىدا

بېلىقچىنىڭ رىزقى سۇدا.

بېلىقنى ئۆلتۈرسە قان چىقماس.

بېلىقنىڭ سىرىنى بېلىقچىدىن سورا.

بېلىق يامغۇردىن قورقماس.

بېلىقچىنىڭ كۆڭلى سۇدا.

بېلىققا ئۈزۈش ئۆگىتىلمەس.

بۇلاق يېرىقنى ئىزدەر،
بېلىق بۇلاقنى (ئىزدەر).

پېتىقتا قالغان بېلىق تۈلكىگە يەم بولار.

چورتاننىڭ ئاغزى بولسىمۇ، تىلى يوق.

چورتان — سۇ ئاستىدا سۇلتان.

دەريادىكى بېلىقنىڭ باھاسى يوق.

سۇدا بېلىق ئاداشماس.

شور كۆلنىڭ بېلىقى تاتلىق.

غېرىچ بولمىغان بېلىق يېيىلمەس،
ئالتە ئاي تولمىغان توخۇ (يېيىلمەس).

قۇدۇق سۇيىدە بېلىق بولماس.

كۆلدە بېلىقنىڭ ئىزى قالماس.

لايدانغا چىققان بېلىق قارماققا چىقماي قالماس.

يۇلغۇن چۆلدە ئاينىيدۇ،
بېلىق كۆلدە ئاينىيدۇ.

# باغۋەنچىلىك توغرىسىدا

ئانارنى چۆلگە تىك،
ئەنجۈرنى كۆلگە (تىك).

ئاۋۋال تام ئەت، ئاندىن باغ (ئەت).

ئەجىرسىز باغ بولماس،
تەر تۆككەن خار (بولماس).

ئەنجۈرنىڭ هارام شېخى يوق.

ئەنجۈرنى كۆلگە تىك،
چىلاننى چۆلگە (تىك).

بالدۇر پىشقان مېۋە ئوغرىنىڭ گېلىنى غىدىقلار.

باغقا كىرگەن ئالما كۆرەر،
چۆلگە كىرگەن سالما (كۆرەر).

باغ قىلساڭ چىت بىلەن،
ئىشىك ساقلا ئىت بىلەن.

باغ ئەت چىتى بىلەن،
ئىش قىل ئىپى بىلەن.

باغ قىلاي دېسەڭ تام چۆرى.

باغۋەن پەملىك بولسا، مېۋىسى تەملىك بولار.

باغقا كىرگەننى تويغۇز،
قوغۇنلۇققا كىرگەننى ئۆلتۈر.

باغنىڭ ھۆسنى — باغۋەن بىلەن.

باغسىز يۇرتقا بۇلبۇل قونماس.

باي بولاي دېسەڭ مال ئەت،
ئۈزۈم يەي دېسەڭ تال ئەت.

باغنى باقساڭ باغ بولۇر،
پاتمان - پاتمان ياغ بولۇر.

بېقمىسىز باغ تاغ بولۇر،
يۈرەك - باغرىڭ داغ بولۇر.

بېغىڭ بار — تېغىڭ بار.

بېغى بار ئادەم خار بولماس،
يەل - يېمىشكە زار بولماس.

بېغىنى سورىما، مېۋىسىنى سورا،
تېكىنى سورىما، ئۈزۈمىنى سورا.

تاغ يۆتكەيمەن دېگۈچە، باغ چېتلا.

تالغا يانتاق كۆم،
قاپاقتا تېرە (كۆم).

تۈزلەڭدە تاغ يوق،
ھۆرۈندا باغ (يوق).

تېرىماي، تىكمەي باغ بولماس.

چىلانغا چۆل ياخشى،
ياڭاقتا كۆل (ياخشى).

چېتى يوق باغنىڭ مېۋىسى تۇرماس.

دەرەخ يىلتىزى بىلەن كۆكلەر،
ئادەم ئەقلى بىلەن (كۆكلەر).

دەرەخنىڭ ئۆزىگە باقماي، مېۋىسىگە باق.

دۆڭ تاغ بولماس،
ئازغان باغ (بولماس).

دۆڭگە جىرىم سالما،
ئويمانغا ئۆي (سالما).

ساق ساراڭدىن قورقار،
ئەنجۈر باراڭدىن (قورقار).

شاپتۇل قوي ئۆزۈڭگە،
ئۆرۈك قوي بالاڭغا.
ئامۇت قوي نەۋرەڭگە،
ياڭاق قوي چەۋرەڭگە.

قولۇڭدىن كەلسە بېغىڭغا گۈل تېرى،
قولۇڭدىن كەلمىسە كەت نېرى.

قوي ـ ئۆچكە دېمەي مال ئەت،
ئۆرۈك ـ شاپتۇل دېمەي باغ (ئەت).

قوغۇن ئۈزسەڭ پىلىكىنى قوي.

قىرىق بېغىم بار،
نېمىدىن غېمىم بار؟!

كۆچەت تىكىپ باغ ئەتتىم،
مېۋىسىدىن ياغ (ئەتتىم).

كۆچەت قويساڭ بېغىڭغا،
ھەسەل تامار تىلىڭغا.

كۆچەت تىكىپ ئىشلە،
قېرىغاندا چىشلە.

كۆچەت تىكسەڭ باغ بولۇر،
قازان ـ چۆمۈچ ياغ بولۇر.

كۆچەت قويساڭ ئۈجمە قوي،
بەھرە ئالسۇن ھەممە ئۆي.

كۆككۆرەك كەلمگۈچە تەك ئاچما.

كېمىنچى كېمىسى بىلەن،
باغۋەن مېۋىسى بىلەن.

مال سەمرىسە ياغ بولۇر،
يەر سەمرىسە باغ (بولۇر).

مېۋە يەي دېسەڭ باغ قىل.

مېۋىلىك دەرەخ بوي تارتماس.

ئورمىنىڭ غول،
ئاشلىقىڭ مول.

ئۆچكىدە مال ئەتمە،
شاپتۇلدا باغ (ئەتمە).

ئۆلۈشكە چىدىساڭ مال ئەت،
كۆمۈشكە چىدىساڭ تال (ئەت).

ئۆرۈك گاداي قىلۇر،
ئۈجمە لاغاي قىلۇر.

ئۆزۈڭ يېتىشتۈرگەن مېۋە كېسىلىڭگە داۋا.

ئۈزۈم سالار ھەر كىشى،
باراڭغا ئالار ئەر كىشى.

ياشلىقىڭدا باغ ئەتسەڭ، نامىڭ ئۆچمەس.

ياغاچنى نوتا ۋاقتىدا ئەگ.

ياز مېۋىسى — قىش خەزىنىسى.

# ھۆنەرۋەنچىلىك توغرىسىدا

ئاتا كۆرگەن ئوق ياسار،
ئانا كۆرگەن تون پىچار.

ئاتىسى چۇشەنمەي ئۈزۈنچاق ياساپتۇ،
بالىسى چۇشەنمەي لىڭگىرچاق (ياساپتۇ).

ئاتا ـ ئانىڭدىن مىراس قالسۇن دىسەڭ، ھۈنىرىڭگە ئىخلاس قىل.

ئاتا كەسپىنى بىلمىگەن بالا ھارامزادە.

ئاتاڭدىن پۇل ـ مال قالغۇچە، ھۈنەر قالسۇن.

ئاتا كەسپىنى تاشلىغان،
پىشانىسىنى قاشلىغان.

ئاتا ھۈنىرى ئوغۇلغا مىراس،
ئانا ھۈنىرى قىزغا (مىراس).

ئاشپەزنىڭ بازىرى چىقسا، يۇندىسىمۇ پۇل.

ئاشپەز ئاچ قالماس،
تىكىمچى يالىڭاچ (قالماس).

ئاشپەزنىڭ نىمكارى بار،
نىمكارنىڭ سىمكارى بار.

ئاشپەزلىكتىن زىيان چىقسا،
نىمكارنىڭ نېمە كارى.

ئاتا كەسپىنى خار قىلما.

ئاتاڭنىڭ يولىنى تۇتمىساڭمۇ، ھۈنىرىنى تۇت.

ئالتۇننىڭ قەدرىنى زەرگەر بىلەر،
كىگىزنىڭ قەدرىنى پەگاھ بىلەر.

ئالتۇننى قۇيۇشنى بىلمىگەن ئېرىتار،
تۆمۈرنى تاۋلاشنى بىلمىگەن چىرىتار.

ئالتۇن داتلاشماس،
ھۈنەرۋەن نامراتلاشماس.

ئالتۇنچىنىڭ مىڭ ئۇرغىنىدىن تۆمۈرچىنىڭ بىر
ئۇرغىنى ئارتۇق.

ئالتۇننى سىرلاش ھاجەتسىز،
ئالماسنى تاۋلاش ھاجەتسىز.

ئەر كىشىگە يەتمىش ھۈنەر ئاز.

ئەسكى ئۇستامنىڭ مانجىسى جىق.

ئەقىللىق خوتۇن ئۆي بۇزماس،
زېرەك كاسىپ ئىش (بۇزماس).

ئەقىل ئايغا چىقىرار،
ھۈنەر كۆككە چىقىرار.

ئەقىللىق ـــ يۇرتنىڭ ئاغىسى،
ھۈنەرۋەن ـــ يۇرتنىڭ چاكىرى.

باپكار ئىشتانسىز، موزدۇز يالاڭ ئاياغ.

باپكار بۆزىدىن قېرار،
زەرگەر كۆزىدىن (قېرار).

بازارنىڭ زىننىتى ـــ ئاشپەز بىلەن باققال.

بەش بارمىقىم ـــ بەش گۈل.

بەڭگى بوۋىسىنى داڭلار،
موزدۇز كوۋىسىنى (داڭلار).

بويىغا قاراپ كىيىم پىچ،
كۆكىگە قاراپ تاماق ئىچ.

بويىدىن پايدا، ئىنىدىن زىيان.
بۇ ھۈنەر ھۈنەرمەندى، ئەسلي ھۈنەر چويلىچىلىق،

چويلىچىلىق ئاقمىسا، ئاقىدىغىنى دوپپىچىلىق.

بوغۇمسىز يەرگە پىچاق سالما.

بىلىملىك ئۆلسە سۆزى قالار،
ئۇستا ئۆلسە ئىشى (قالار).

بىر ئۇستىدىن ھۈنەر ئۆگەن،
مىڭ ئۇستىدىن تەلىم ئال.

پىرى يوقنىڭ جىنى يوق.

پىچىقىڭ ئۆتكۈر بولسا، ياغاچنىڭ قاتتىقى يوق.

توك ـ توك ئېتەر تۆمۈرچى،
پۇلنى ئۇسار كۆنچى.

توزدىن قورققان پوستەكچى بولماس.

تۆت بۇلۇڭ، بىر كۇلۇڭ،
ھۈنەر قىلساڭ تۈگىمەس پۇلۇڭ.

تۆمۈرچى سوغۇقى ئېشىپ ئۆلەر،
كېمىچى ئىسسىقى ئېشىپ (ئۆلەر).

تۆمۈرچىنىڭ قولىدا تۆمۈر ئىمان ئېيتار.

تۆمۈرنى سوزساڭ سەندەلدە سوز،
تېرىنى سوزساڭ چىشىڭدە (سوز).

تۆگمەن بىر چۆر گىلىگۈچە، تۆگمەنچىنىڭ بېشى مىڭ چۆرگىلەر.

تۆگمەندە ياتساڭ كۆمەچ سال.

تۆگمەننى كىم باقسا ئۇننى شۇ تارتار.

تۆگمەنچىنى ئۇستام دېسە، چاپىنىنى ئۇنغا مىلەر.

تېگى پەسكە ھۈنەر ئۆگەتمە.

تېشى يوق ساي بولماس،
ھۈنىرى يوق باي (بولماس).

تىكەنسىز گۈل بولماس،
مۇشەققەتسىز ھۈنەر (بولماس).

تىرىشمىغان شاگىرت،
ئاخىر دەيدۇ ئىسىت.

تىكىمچىنى ياقىدا سىنا،
تۆمۈرچىنى تاقىدا (سىنا).

تىكىمچى تىككىنىنى ماختار،
تېرىمچى ئەككىنىنى (ماختار).

تىكىمچى پۈرۈچتىن تاپار،
ئاشپەز خۇرۇچتىن (تاپار).

جۇۋازچىنىڭ قولى ياغ،
تەپسى يوقنىڭ غولى داغ.

جۇۋازچى ياغسىز كېتەر،
خالۋاپ كېپەنسىز (كېتەر).

جۇۋازچى ياغقا تويماس،
ئۆۋچى تاغقا تويماس.

جۇۋازچىنىڭ چاپىنىنى سىقسىمۇ تۆت سەر ياغ چىقار.

چەۋەنداز پەتە كويىدا،
چېكەنچى كەشتە (كويىدا).

چېۋەرنىڭ قولى ئالتۇن،
دانىشمەنىنىڭ سۆزى (ئالتۇن).

چىشى تۆگە نار بولماس،
ھۈنەرۋەن خار بولماس.

خېرىدارنىڭ كۆزى بولسا كاسىپ ئاچ قالار.

داڭلىق ئۇستىدىن ماھىر شاگىرت چىقار.

رەندە غاجاپ تۈزلەر،
كەكە ياساپ (تۈزلەر).

سايمان ـ جابدۇق خىل بولسا، قىلغان ھۈنەر زىل بولار.

سايمىنى ساز ئۇستامنىڭ مۇشەققىتى ئاز.

سازەندە كامالچىغا شەيدا،
تېۋىپ ھاۋانچىغا (شەيدا).

سۈمۈق سالمىسىمۇ رەڭ ئالار.

سىرلىساڭ سىر يالىقى،
سىرلىمىساڭ ئىت يالىقى.

شاگىرت تىككەن توقۇمىنىڭ، ئالدى ـ كەينىنىڭ پەرقى يوق.

شاھلىقتىن يىقىلساڭ ناۋاي بول.

قاۋۇل ئۇستىدىن چېۋەر شاگىرت چىقار.

قاسساپ قاسساپنى كۆرسە قولى تىترەر.

قاسساپنىڭ قولى مىڭ.

قورساقتىكى ھۈنەرنى ئوغرى ئالالماس.

قولۇڭ چېۋەر بولسا ئالتۇن ئۈنەر.

قوينى قاسساپ سويسۇن،
ئالتۇننى زەرگەر سوقسۇن.

قولى ئاستا ھۈنەرۋەندىن، پۇتى چاققان مالاي ياخشى.

قولۇڭدا ھۈنەر بولمىسا، غادايغىنىڭ بىكار.

قولۇڭدا قۇشۇڭ بولمىسا، «قۇۋ» دېگىنىڭ بىكار.

قۇرۇق تېرىمۇ ئاش يەيدۇ.

قوْشقاچ بولسىمۇ قاسساپ سويسۇن.

قىرىق هۈنەر ــ هۈنەر ئەمەس،
ئەسلىي هۈنەر ــ چويلىچىلىق.

قىلىدىغان هۈنەر ــ چويلىچىلىق،
قىلمايدىغان هۈنەر ــ شورپىچىلىق.

كاسىپ ئۆزىگە چىقىنالماس.

كاسىپ ـ كاسىپنىڭ خۇيىنى بىلەر.

كۆپ كۆرگەن نۇسخا بىلەر،
كۆپ ئىشلىگەن ئۇستا بولار.

كۆپ نەرسىگە ئاشىق بولغۇچە، بىر نەرسىگە مەشۇق بول.

كۆكتە ئۇچقاننىڭ هۈنىرى بار.

كۆنچىنىڭ پىرى يوق،
ئىككى تېرىنىڭ بىرى يوق.

كېمىچى كەلسە، قولۋاقچى قىرغاقتا چىقار.

كېمىچىنىڭ ئەجىلى سۇدا.

كىشىگە تون پىچقان كىشى، ئۆزىگە كالتە ئىشتانمۇ پىچالماس.

گال پىچاقتىن قول ياخشى.

ماتانى باپكاردىن سوراڭ،
پولونى كەپكوردىن سوراڭ.

مانتا سالساڭ چۆلگە سال،
چۆچۈرە سالساڭ كۆلگە (سال).

مەن دوپپىچى بولسام،
كىشىلەر باشسىز تۇغۇلار.

موزدۇز لاپ ئۇرار،
ئەسۋابى ئىش قىلار.

موزدۇز بىخىدىن قورقار،
سودىگەر نىسىدىن قورقار.

موزدۇز بىگىزگە ئامراق،
تۇماقچى كىگىزگە (ئامراق).

مۇشەققەتسىز ھۇنەر بولماس،
چارىسىز ئىش (بولماس).

موھتاجلىق مىڭ ھۇنەرنىڭ ئانىسى.

نادان بەرگەن گۆھەردىن ئاقىل ئۆگەتكەن ھۇنەر ياخشى.

ناۋاي بولمىغۇچە، ناننىڭ قەدرى ئۆتۈلمەس.

ناۋاي گەزنە تاللار.

نا ئۇستا ئەسۋاب خىللار.

نەسەپكە ئىشەنمە، ھۈنەرگە ئىشەن.

نەپسىڭنىڭ قۇلى بولماي، ھۈنەرنىڭ قۇلى بول.

ھارۋىكەش — ئاۋارىكەش.

ھۈنەر ئۆگەن ئاتاڭدىن، كېرەك بولسا مىراسى،
خەجلىگ بولۇر بىر كۈنلۈك ئۈنىڭ مالۇ دۇنياسى.

ھۈنەرلىك كىشى پۇل تاپار،
ھۈنەرسىز كىشى ئۈنىڭغا باقار.

ھۈنەر — تۈگىمەس گۆھەر.

ھۈنەردىن زىيان تارتساڭ، ئۇستاڭدىن كۆرمەي،
ئەجرىڭدىن كۆر.

ھۈنەرۋەننىڭ گالۇىڭدىن
قەلەندەرنىڭ ئىلدامى ياخشى.

ھۈنەر — ئېقىپ تۇرغان بۇلاق.

ھۈنەر بولسا قولۇڭدا،
نان تېپىلۇر يولۇڭدا.

ھۈنەر قىلساڭ — گۈل بولارسەن،
بىكار يۈرسەڭ — قۇل بولارسەن.

ھۈنىرى يوق ئەر كىشىدىن مېكىيان توخۇ ياخشى.

ھۈنەر، قىلساڭ ئۈنەر.

ھۈنىرى بار كىشىنىڭ ئىشى بار.

ھۈنەرسىزنىڭ ھۈنىرى — ھۇرۇنلۇق.

ھەر كىم ئۆز كەسپىنىڭ ئۇستىسى.

ھۈنەرلىك ئاش تاتلىق ئاش، ھۈنەرلىككە پۇل ئاداش.

ھۈنىرىم بار، تەلىيىم يوق،
ھەۋىسىم بار، ماغدۇرۇم يوق.

ھۈنەرلىك ئاش — تاتلىق ئاش،
ھۈنەرسىزدىن بەدەر قاچ.

ھۈنەرلىك كىشى كىشىگە ھال ئېيتماس.

ھۈنەر بىلگەن ئاچ قالماس،
يول بىلگەن كەچ قالماس.

ھۈنەر — كۆپىكمۇ، كۆككىمۇ يەتكۈزەر.

ھۈنەرۋەن خار بولماس.

ھۈنەرۋەن قول — بەختكە يول.

ھۈنىرى بار دەركار،
ھۈنىرى يوق پەس ـ خار.

ھۈنەرۋەن پۇلسىز قالماس.

ھۈنىرى يوقنىڭ جېنى يوق.

ھۈنىرى يوق ئەردىن تۇغۇمچان توخۇ ياخشى.

ھۈنەر ــ تۈگىمەس بايلىق.

ئوۋغا چىقسام ئارماندا،
چىقمىسام پۇشايماندا.

ئوۋچىلىق ــ بىكارچىلىق.

ئۇستا قىلسا خوپ بوپتۇ، شاگىرت قىلسا ئۇر ئاغزىغا.

ئۇستامنىڭ ئاغزىدىكى لاپ،
ئىشىنى قىلار ئەسۋاب.

ئۇستىنى ئۇستا قىلغان بۇيرۇقچى.

ئۇستامنى كۆرمىسەم ئۇستامەن،
ئۇستامنى كۆرسەم يولدا مەن.

ئۇچقۇندىن قورققان تۆمۈرچى بولالماس،
گۇلخاندىن قورققان كۆمۈرچى بولالماس.

ئۇستىلىق قىلىمەن دەپ ئۇستامغا يولۇقۇپتۇ.

ئۇستا كۆرمىگۈچە ئۇستا بولماس.

ئۇستىنى كاپلاپ تۇرۇڭ،
خېرىدارنى ئويلاپ (تۇرۇڭ).

ئۇستا ھۈنىرىنى ئويلار،
شاگىرت كوزىنى (ئويلار).

ئۆيى بارنىڭ جېنى بار،
ھۈنىرى بارنىڭ نېنى بار.

ئېشىغا قاراپ تاۋىقى،
ئىشىغا قاراپ سىمكىرى.

ئېشەك يۇڭىدا كىگىز بولماس.

ياندىكى كاسىپنىڭ قەدرى يوق.

ياغاچ كەسسەڭ ئۇزۇن كەس، ئۇزۇن كەلسە يەنە كەس.

ياغاچ كەسسەڭ ئۇزۇن كەس،
كېسە - كېسە قىسقىرار.

تۆمۈر كەسسەڭ قىسقا كەس،
سوزغانسېرى ئۇزىرار.

يالغانغا مازار يېقىن،
ھۈنەرۋەنگە بازار (يېقىن).

ياشاش ئۈچۈن پەم كېرەك،
بەخت ئۈچۈن جاپا (كېرەك).

ياغاچچى قېرىسا پەنجىرچى بولار،
تۆمۈرچى قېرىسا زەنجىرچى (بولار).

يول كۆرسىتىش ئۇستامدىن، ئەقىل تېپىش ئۆزۈڭدىن.

# قاتناش ۋە توشۇمچىلىق توغرىسىدا

ئاتقا مىنگەندە پىيادە ماڭغىنىڭنى ئۇنتۇما.

ئات مىنىشتىن بۇرۇن بوغۇز تەييارلا.

ئات ئايىغى بىلەن سىنىلار.

ئات هارسا بىر پىچاق،
ئېشەك هارسا بىر چاڭگال قوناق.

ئاچچىق - تاتلىقنى تېتىغان بىلەر،
يىراق - يېقىننى كۆرگەن (بىلەر).

ئاستا يۇرگەن تاغ ئاشار،
يۇگۇرگەن باغ (ئاشار).

ئەتىگەندە يول يۇرسەڭ، كەچقۇرۇندا سۆيۈنەرسەن.

باققان ئېتىڭ غۇنان بولسا، ماڭغان يولۇڭ راۋان بولماس.

بەش ياشلىق يولدىن كەلسە، يۇز ياشلىق ئالدىغا چىقىپتۇ.

بىر كۆنلۈك يولغا ئۈچ كۆنلۈك ئوزۇق ئال.

بىلگەن يولۇڭنى ئاتاڭغا بەرمە.

پىيادىنىڭ ئېتى چورۇق، كۆچى ئوزۇق.

تونۇشى يوق مۇساپىر قارىغۇدىن بەتتەر.

تۆگەڭ نار بولسا، يۈكۈڭ يولدا قالماس.

تۆھمەتخور بىلەن سەپەرداش بولما.

تۆگىدىن قانچىلىك يۈك كۆتۈرۈشنى سورىماي، جەزلىكنىڭ قانداقلىقىنى سورا.

تۆگىنىڭ يۈكىنى ئېشەك كۆتۈرەلمەس.

تىل بىلگەن يولدىن ئازماس،
ئەقىل بىلگەن چۆلدىن ئازماس.

ساياق يۈرگەن، تاياق يەپتۇ.

سەپەر قىلساڭ كۆپ كۆرگەننىڭ ئۆيىدە قون.

قوتۇر ئات سەپەرگە يارىماس.

قىش كۈنى يول يۈرمىگەن سوغۇقنىڭ ئاچچىقىنى بىلمەس.

كارۋان تۆگىنىڭ قېرىسىنى ئالدىغا سالار.

كۆمۈرنىڭ ياخشىسى مەشتە ئايرىلار،
كارۋاننىڭ ياخشىسى دەشتتە (ئايرىلار).

كۈنگە باققان نۇرلىنار،
تۈنگە باققان خارلىنار.

گەپنى سۆزمەندىن سورا،
يولنى كارۋاندىن (سورا).

لاتاڭغا قارىماي، ئاتاڭغا قارا،
هارۋاڭغا قارىماي، كاتاڭغا قارا.

ماڭغان يول يىراق ئەمەس، مېڭىشتىن قورققان يول يىراق.

مەنزىلگە يېتەي دېسەڭ داۋان ئاش.

مەنزىلگە يەتتىم دەپ ئۈزۈڭنى تۈگەتمە،
كۆچمەن دەپ ئوتۇنۇڭنى (تۈگەتمە).

مۇساپىر يول ئازابىدىن قورقماس.

مۇزداۋان ئېگىز بولسىمۇ، ئاسماندىن پەس.

هارۋامدا پىلىڭ يوق،
چىققاندىن كېيىن غىڭ يوق.

ئۇزاق يولغا هەمراھ ياخشى،
ئەسكى هەمراهتىن ناسۋال (ياخشى).

ئىتنىڭ تۇلپار بولسىمۇ، قامچاڭنى تاشلىما.

ئىتىم ئورۇق، يوللار يىراق.

يارەا بېشىنچاڭنى ئۇنتۇما،
قىشتا ئوزۇقۇڭنى (ئۇنتۇما).

ياخشى ئاتقا بىر قامچا،
يامان ئاتقا مىڭ قامچا.

ياخشى ئاتنى يولدا سىنا،
سەپەرداشنى چۆلدە سىنا.

ياياق كىشىگە يانچۇقمۇ ئېغىر.

يول بىلمەي تۇرۇپ يولغا چىقما.

يول ئازابىنى ماڭغان بىلەر،
قىش ئازابىنى توڭغان بىلەر.

يول بىلمىگەن قارىغۇدىن بەتتەر.

يورغا مىنگەن يولدا قالماس.

يول ئازابى — گۆر ئازابى.

يېيىشلىك ئات هارماس.

يىراق بولسىمۇ بىلگەن يولۇڭدا ماڭ.

يىراق بولسىمۇ يول (ياخشى).
قېرى بولسىمۇ قىز ياخشى،

# سودا-سېتىق، ئۆلچەم-بىرلىك توغرىسىدا

ئاتنى مىنىپ ئال،
مىلتىقنى ئېتىپ (ئال).

ئاتنى ساتساڭ يۈگەننى قالدۇر.

ئاتىسىغا يول قويغان سودىگەر پايدا تاپالماس.

ئارپا خامانىدا پۇل،
كۆمۈش كانىدا (پۇل).

ئات بېدىكى ئاچ بولار.

ئات ئالساڭ مىنىپ كۆر،
چىنە ئالساڭ چېكىپ كۆر.

ئاتنىڭ يورغىسىنى ئال،
كىيىمنىڭ يارىشىملىقىنى (ئال).

ئالسا بازارى چىقتى،
ئالمىسا سازايى (چىقتى).

ئال دېگەن مالدا پايدا بار.

ئالدىڭ پۈتتى،
ساتتىڭ يىتتى.

ئادەم بار يەردە بازار بار،
بازار بار يەردە مازار بار.

ئاشلىق ئالساڭ تېرىق ئال،
چارۋا ئالساڭ تىرىك (ئال).

ئالغۇچە ياپىر،
بەرگۈچە كاپىر.

ئالغۇچە ئالمان،
بەرگۈچە بەزگەك.

ئالىدىغان مال ئالتۇن بولۇپ كۆرۈنەر.

ئالماقنىڭ بەرمىكى بار،
چىقماقنىڭ چۈشمىكى (بار).

ئالغۇچە بىسمىللا،
بەرگەندە ئەستاغپۇرۇللا.

ئاستا كەلگەن پايدىدىن ئىلدام كەلگەن زىيان ياخشى.

ئالدى ـ بەردىدە ئادىل كىشىگە يول ئۇزۇن.

ئات ئالساڭ ئېگەر ئال،
ئېشەك ئالساڭ توقۇم (ئال).

ئاتام تاپقان بىكار پۇل،
ئۆزۈم تاپقان شېكەر (پۇل).

ئالغان خاراب،
بەرگەن ساۋاب.

ئادىمى يوق بازاردىن، تۈگى يوق مازار ياخشى.

ئالتۇن بەرسەڭمۇ ماختاپ بەر.

ئاناڭمۇ بازار، ئاتاڭمۇ بازار.

ئاز يىغساڭمۇ ھالال يىغ.

ئالاردا چاققان،
بېرەردە قاچقان.

ئالتىگە ئېلىپ، بەشكە سات، نامىڭ چىقسۇن سودىگەر.

ئالماقلىق — زېرەكلىك،
بەرمەكلىك — نادانلىق.

ئاتاڭنىڭ پۇلىغا ئالغاننى ئاتاڭ بىلەنمۇ ساتالمايسەن.

ئالمەن دېسەڭ، ئاۋۋال بەر.
ئالمەن دېسە قوشلاپ بېرىپتۇ.

ئەتىگەنكى بازارنى ئۆتكۈزمە،
كەلگەن خېرىدارنى كەتكۈزمە.

ئەخمەق سودا قىلار بازار كەتكەندە.

ئەخمەقنىڭ چوڭ سودىسى تېرە - جۇۋا.

ئەرزان ئىللەتسىز ئەمەس،
قىممەت ھېكمەتسىز ئەمەس.

ئەرزان ئىللىتى بىلەن،
قىممەت ھېكمىتى بىلەن.

ئەرزانچىلىق بولسا ئالغۇچىدا ئىنساپ يوق،
قىممەتچىلىك بولسا ساتقۇچىدا (ئىنساپ يوق).

ئەرزىمەس تاۋار بەك پارقىرار.

ئەل ھۆكمى — لىللا،
قۇلنىڭ پۇلى — تىللا.

بازاردا ئىككى نەرسە ئەرزان:
بىرى قېرى ئات، بىرى كونا كات.

بازارغا كىرگەن بۆز ئەرزان،
ئېغىزغا كەلگەن سۆز ئەرزان.

بازاردىكى ھەر ماتانىڭ نەرخى بار،
بىر ماتانىڭ بىر ماتادىن پەرقى (بار).

بازارنىڭ قىلىپى يوق.

بازاردا غوۋغا،
مازاردا سۈكۈت.

بازارنى ئاۋات قىلغان مال،
ھويلىنى ئاۋات قىلغان تال.

بازار چاققاننىڭ،
ئولجا تاپقاننىڭ.

بازارغا بۆرىنىڭ ئۆزى كەلمىسىمۇ تېرىسى كېلەر.

بازار تاپسا قاسساپ بالىسىنىمۇ سويار.

بازار مېلى بىلەن،
بېدىك تىلى بىلەن.

باققالنىڭ ئالدى،
قاسساپنىڭ كەينى.

بارىدا قىممەت كۆرۈنمەس،
يوقىدا ئەرزان بىلىنمەس.

باغ ئالساڭ قىشتا ئال،
باغ ساتساڭ يازدا سات.

بەرگەندىن سورىماق تەس.

بەرگەننىڭ بېشى ئالغاندا ئوڭلىنار.
بەرمەسنىڭ باھانىسى تولا.

بەرگەن خۇداغا يېقىن،
بەرمىگەن گۇناھقا (يېقىن).

بېدىك ئېشەككە ئامراق.

بېرەرمەننىڭ بېشىنى ئالارمەن ئوڭلار.

بىتىڭ بولسىمۇ، تېتىك تۇر.

بىزنىڭ بازارغۇ بازار، نېمە ئالساڭ تېپىلار.

بىر ئەخمەق ئالغاننى مىڭ ئەخمەقمۇ ساتالماس.

بىر خېرىدار مال ئالغۇچە،
مىڭ خېرىدار مال كۆرەر.

پايدا بىلەن زىيان بىر تۇغقان.

پۇلنىڭ تىلى يوق.

پۇلسىز يىگىت ئەمەن پۇرار.

پۇلى بارنىڭ ئۆزى ئوينار،
پۇلى يوقنىڭ كۆزى (ئوينار).

پۇلنىڭ قەدرىنى ھاجى بىلۇر،
قاننىڭ قەدرىنى سالجا (بىلۇر).

پۇلنى يىغار مېنىڭ ئاتام،
سىرقىرايدۇ يوغان يوتام.

پۇل ساقلىغۇچە زەر ساقلا.

پۇلنى تاپار ئەرنىڭ ئېرى،
مېغىزىنى چاقار خوتۇنىنىڭ ئىككىنچى ئېرى.

پۇل پۇلنى تاپار.

پۇلى ئازنىڭ غېمى ئاز.

پۇل بار چاغدا ئون سەرگە ئەرزان،
پۇل يوق چاغدا بىر سەرگە قىممەت.

پۇل بولدى — كۆل بولدى.

پۇلى يوق تاللاشقا ئۇستا،
سېتىقچى داڭلاشقا (ئۇستا).

پۇلى يوق قىممەت ئالار،
يوقسىز ئەرزان ساتار.

پۇل بولسا جاڭگالدا شورپا.

پۇلنى پۇل قىلغانمۇ سودا،
بىرنى ئون قىلغانمۇ سودا.

پۇل — پىششىق ئاش.

پۇلى بارغا بازار،
پۇلى يوققا جازا.

پۇل دېگەن جانغا زىخ.

تاۋۇز ئالساڭ چېكىپ ئال.

تاۋۇزنىڭ خېمى — باققالنىڭ غېمى.

توخۇنىڭ تارغىقى يوق،
بازارچىنىڭ باغىقى (يوق).

توخۇغا بېقىپ كاتەك سال،
پۇتقا بېقىپ ئۆتۈك ئال.

تۇخۇمنى بويىغانغا تەمى تاتلىق بولۇپ قالماس.

تۆگە تالغا تويماس،
سودىگەر مالغا (تويماس).

جۇچەنگە ئۇنىماي، باچەنگە ئۇناپتۇ.

چارۋىنى قوتاندا سات،
مېۋىنى باغدا سات.

چۈشكىچە ئۆمرۈڭ بولسا، شۇنىڭغىچە ئوقەت قىل.

چىراي كۆرۈپ هال سورا،
بازار كۆرۈپ مال (سورا).

خوتۇن ئالساڭ قىز ئال، دېدەك بولسىمۇ.
ئۇن ئالساڭ بۇغداي ئۇنى ئال، كېپەك بولسىمۇ.

خۇرجۇندا بىر پۇلنىڭ تاغاردا بىر دەردى بار.

خېرىدارغا يېلىنغۇچە، مېلىڭنى خىللا.

داڭقاننى پايدا ئالىمەن دەپ قازاننى زىيان تارتىپتۇ.

دارىن بولمىسا تۇڭچىسى بولماس،
گۆش بولمىسا شورپىسى (بولماس).

دۇنيا پۇلدا چۆرگىلەيدۇ،
تۇگمەن سۇدا (چۆرگىلەيدۇ).

دۇمبە كۆرسىتىپ، ئۆپكە سېتىپتۇ.

زىيان ئاچچىق،
پايدا تاتلىق.

ساتقۇچىنىڭ سۆزى بار،
ئالغۇچىنىڭ كۆزى (بار).

سالامدا دوستلۇق يوق،
سودىدا بوشلۇق (يوق).

ساتقۇچى مېلىنى داڭلار،
ئالغۇچى ئۆزىنى (داڭلار).

سالا قىل ــ ئالار قىل.

ساخاۋەت قىلغان مالنىڭمۇ ھېسابى بار.

سەھەر كەلگەن مۇشتتىن يانما.

سورىغان ئالۇر،
سورىمىغان قالۇر.

سودىگەرنىڭ ئىمانى ــ پۇل.

سودىگەر زەر ساقلار،
ياخشى خوتۇن ئەر (ساقلار).

سودىگەرنىڭ يولى بىر، رىزقى باشقا.

سودىگەر بازارغا ئامراق،
سوپى مازارغا (ئامراق).

سودا قىلساڭ سودىگەر بىلەن قىل،
بىتىم ھەتتا بىلەن ئىش پۈتمەس.

سودىگەر مال تاللايدۇ،
سېۋەتچى تال (تاللايدۇ).

سودىگەر تۇغقىنىنى تونۇماس،
بۆجەن ئانىسىنى (تونۇماس).

سودا ـ سېتىق تىل بىلەن،
زىلچا ـ گىلەم قىل بىلەن.

سودىنىڭ ئالدى قىزىل تىل.

سۆزدىن سۆزنىڭ پەرقى بار،
ھەممە مالنىڭ نەرخى بار.

سۇ سايغا ئاقار،
پۇل بايغا (ئاقار).

سۇنىڭ پۇلى سۇغا كەتتى، قالدى قېتىقنىڭ بەش پۇلى.

شەيخ مازاردىن قالماس،
سودىگەر بازاردىن (قالماس).

قازان ئالساڭ تۇۋاق ئال،
قوي ئالساڭ قولاق ئال.

قاسساپ ماي قايغۇسىدا،
ئۆچكە جان (قايغۇسىدا).

قاشتېشى سايدا تولا،
تېپىپ ساتسا پۇل بولار.

قەلەمگە رەڭ ياخشى،
بازارچىغا دەڭ (ياخشى).

قەرزدارنىڭ قەبرىسى يوق.

قولى ئوچۇقنىڭ يۈزى ئوچۇق.

قوغۇننى «شېكەر» دەپ سات،
تاماكىنى «زەھەر» دەپ (سات).

قول بىلەن يانچۇقنىڭ ئارىلىقى مىڭ يىللىق.

قويۇڭنى قىرقىپ ساتساڭ تاۋار،
قىرقىماي ساتساڭ چاۋار.

قېرى كالىنى قاسساپقا بەر،
كاسات مالنى كاززاپقا (بەر).

قېتىقىڭنى ساتساڭمۇ، تاۋۇقىڭنى ساتما.

كالىنى ساتقاندا ماختا،
سۈتىنى ساغقاندا (ماختا).

كالا ئالساڭ ئالا ئال،
ئالا ئالمىساڭ قارا ئال.

كاجنى بازار ئوڭشار.

كەمبەغەل بولاي دېسەڭ، نەق ئېلىپ نېسى سات.

كەپتەر ئالساڭ خىللاپ ئال سىدان - گۆرىدىن،
زېمىن ئالساڭ تاللاپ ئال ئېرىق بويىدىن.

كەمبەغەل بولساڭ ئۈچ نەرسە ئال: بىرى مادا ئېشەك،
بىرى مېكىيان، بىرى بايتال.

كورغا بازارنىڭ نېمە ئىشى،
تۆگىگە مازارنىڭ نېمە ئىشى.

كىرىشنى سورىما، باھاسىنى سورا.

گاچىنى سۆزلەتكەن ئۇنىڭ پۇلى.

گۆش ئالساڭ قوي گۆشى ئال سۆڭەك بولسىمۇ،
ئوتۇن ئالساڭ ئۆرۈك ئوتۇنى ئال كۆتەك بولسىمۇ.

گۆش بىلەن ياغنىڭ يۈزىدىن
ئۆپكە شالاقنى پۇل قىلىدۇ.

گىلەم سودىسىمۇ سودا،
كىگىز سودىسىمۇ سودا.

گىلەم ساتساڭ قوشناڭغا سات، بىر بۇرجىكىدە ئولتۇرىسەن.

مازاردىن تىلىمەي، بازاردىن تىلە.

مالنىڭ باھاسى سۆز بىلەن ئايرىلماس.

ماتا يارىمىسا ئىگەمگە، كۆزلۈكنىڭ توپىسىمۇ پۇل.

مالدىن زېرىكمەڭ،
خېرىدارغا تېرىكمەڭ.

مالنى ساتساڭ نەق سات،
راست گېپىڭنى دەپ سات.

مال بازىرى دەللالسىز پۈتمەس.

مەككارنىڭ مەككارلىقى ياغلىما تىلىدا.

مىڭ سەرنى يوقاتقان بىر سەر.

مىڭ نېسىدىن بىر نەق ئەلا.

مىلتىق، مىلتىقنىڭ ئىچىگە پۇل تىق.

نادانىنى بازار ئوڭلار،
ساراڭنى مازار ئوڭلار.

نامازنىڭ شىگچىسى يوق،
كەش بازىرىنىڭ جىگچىسى (يوق).

نەق سودا — پۈتكەن سودا،
نېسى سودا — يىتكەن سودا.

نەق ئېلىپ نېسى سات،
نامىڭ چىقسۇن سودىگەر.

نەقتىن ھەسەل چىقتى،
نېسىدىن جېدەل (چىقتى).

نەق ئىشنىڭ ھوسۇلى بولۇر،
نېسى ئىشنىڭ جېدىلى (بولۇر).

نېسى گۆشكە بىر قېتىم تويىسەن.

نېسى بەرگەننىڭ ھالى خاراب،
قالار دەپتەرگە قاراپ.

نېسى ساتقان خاراب بولار،
دەپتىرىگە قاراپ قالار.

نېسى ئاپىرىپ بەرسىمۇ، ھانناتتىن مال ئالما.

نېسى ـــ نەسىنىڭ،
ئوقىتى تەسىنىڭ.

نېنى كىچىك ناۋاي ھەممىدىن بەك تووۋلار.

ھايان ماشا بولسۇن،
زىيان ساشا (بولسۇن).

ھازىر ئۆلىدىغاندەك ئىبادەت قىل،
ئۆلمەيدىغاندەك ئوقەت (قىل).

ھاكچىنىڭ پوستەكچىگە ئاچچىقى كەپتۇ.

ھەمياندا پۇل بولمىسا،
سۇپراڭدا ئۇن بولماس.

ھەسەلدەك دوست بول،
ھەرىدەك سودا قىل.

ھۆججىتىڭ كۆيدى ـــ ھەققىڭ كۆيدى.

ھېسابنىڭ سىرتىدا ئىش يوق،
كالپۇكنىڭ سىرتىدا چىش (يوق).

ھېساب باغداتتىن يېنىپتۇ.

ئوقەت، ئوقەتنىڭ يولى چوپقەت.

ئوڭ قولۇڭدا بەر، سول قولۇڭدا ئال.

ئۇنى يوقنىڭ خۇنى يوق،
پۇلى يوقنىڭ جېنى (يوق).

ئۆي سالساڭ قوشنا ئال،
يەر ئالساڭ سۇ (ئال).

ئۆتمىگەن تىزىدىن چۆنەكنىڭ پىيىزى ياخشى.

ئۆيدە قىلغان گەپ بازارغا توغرا كەلمەپتۇ.

ئۆتمەس ماتا،
زورلاپ ساتا.

ئۆيىنى ئىجارىگە بېرىپ، بۇرنىنى ئۇششۇتكەن قېرى.

ئۆچكە تاغدا قىممەت،
شاپتۇل باغدا (قىممەت).

ئۆتۈك ئالساڭ قونچا ئال،
تېرەك ئالساڭ بولجا (ئال).

ئۇچ ئورتاققا ئوغرى كىرسە، تورىماس.

ئېمىزگۈ سىلىپ بالاڭنى گول قىل،
بورداپ بېقىپ كالاڭنى پۇل قىل.

ئېشىكى ئۆچ تەڭگە،
توقۇمى بەش تەڭگە.

ئېلىشتا شەپىرەڭ،
بېرىشتە زەپىرەڭ.

ئېلىشتا تەزىم بىلەن،
بېرىشتە قازىم بىلەن.

يالغۇز يۇرۇپ پۇل تاپقۇچە، چىشىڭ تۆكۈلەر.

يازدا يېتىشقا كات ياخشى،
سودا ـ سېتىققا يات (ياخشى).

ياڭاق ئالساڭ چېقىپ ئال،
يىپ ئالساڭ بېقىپ (ئال).

ياخشىغا بەرسەڭ نەپ تېگەر،
يامانغا بەرسەڭ گەپ (تېگەر).

يېنىدا بىر پۇلى يوق تۆگىنىڭ چىشىنى كۆرۈپتۇ.

يىتكەن پىچاقنىڭ سېپى ئالتۇن.

يول چاققانىنىڭ،
پۇل تاپقانىنىڭ.

## ئىدىقۇت خانلىقى دەۋرىدىكى ئاتىلار سۆزى

ئات بار يەردە، ئېشەككە يول بولسۇن،
دوست بار يەردە، ھېسابتا پۇل بولسۇن.

ئاۋازىڭغا بېقىپ ساز تەلەپ قىل.

ئاسان ئىشنىڭ بېشىغا،
ھەركىم بارار قېشىغا.

ئابدالدا ئۇيات يوق،
كېپەكتە قۇۋۋەت (يوق).

باغلاقلىق ئىت ئوۋغا يارىماس.

باخشى «سۇپكۆچ» بىلەن كۈن ئۆتكۈزەر.

باخشى دېپىنى داڭلار،
ئابدال قېپىنى (داڭلار).

باقال باغقا تويماپتۇ،
پېرىخون داپقا (تويماپتۇ).

بورا كوچىسىدىن بورا ئالسام باغلىقى يوق،
باغ كوچىسىدىن چوكان ئالسام ياغلىقى يوق.

پادىچى پوستەكچى بىلەن دوست بولالماس.

پەشنى كېسىپ يەڭنى ياماپتۇ.

پۇلسىز چىرىكلىك يوق،
ھەرىكەتسىز تىرىكلىك (يوق).

پۇل تېپىپ قەشقەردە خەجلەڭ،
نان تېپىپ جانبازدا يەڭ.

تاپالىساڭ ھالال يە،
تاپالمىساڭ شامال (يە).

تاماق تۇزى بىلەن،
دۇغاپ مۇزى بىلەن.

تاغلىققا ئۆي كۆرسەتمەڭ،
ئۆچكىگە باغ (كۆرسەتمەڭ).

توقۇمنى ئوغرىلىغان تۆگىنىمۇ ئوغرىلار.

تۇلپار قېرىسىمۇ بەيگىدىن قالماس.

تۈگمەنچىنىڭ پايدىسى غەللە ـ پوستەك،
داققالچىغا تېگىدىغىنى تەستەك.

تۆگە مىنىپ توشقان تۇتۇپتۇ.

تېپىۋالساڭمۇ سانىۋال.

تېرىمىغان كېۋەزگە باپكار ئاڭلىشىپتۇ.

چىلىمى يوق بەڭگى مەست،
نوختىسى يوق ھاڭگا (مەست).

داپ — ھەممە سازنىڭ ئەيىبىنى ياپ.

ساۋاپنى ئىزدىسەڭ دېھقاندىن سورا،
كاۋاپنى ئىزدىسەڭ قاسساپتىن (سورا).

سول قولۇڭدا تاش بەرسەڭ، ئوڭ قولۇڭدا گۆھەر ئالىسەن.

قارچىغا ئېتەكنى پوق ئېتەر،
قۇش بىلەكنى (پوق ئېتەر).

قەلەندەر ئىتتىن قورقماس،
يالاڭ ئاياغ سۇدىن (قورقماس).

قىمارۋازنىڭ ئالچىسى تولا،
پوستەكچىنىڭ خالتىسى (تولا).

قىمارۋازنىڭ كۆزىنىڭ قارىچۇقى كەينىدە.

كەچ قالغان قاراڭغۇدىن قورقماس.

كوزىچى پۇچۇق كوزىدا سۇ ئىچەر.

كۆپ ئىت كىيىكنى قاچۇرار.

كۆزگە كۆرۈنمىگەن ئوغرى — مەككار ھۈنەرۋەندىن ياخشى.

مەيلى بولسا مەيخانا،
چىلىم بولسا سەيخانا.

نان بەرسە ئال، قوينۇڭغا سال.

ناسۋالچى قېرىسا قاپاق ئاسىدۇ،
بەڭگى قېرىسا چاپاق باسىدۇ.

ھەر ئىشنىڭ يولى باشقا،
ھەر گىياھنىڭ گۈلى (باشقا).

ئوغرى ئوغرىلاشقا بىر نەرسە تاپالمىسا، ئۆزىنىڭ بۆكىنى ئوغرىلار.

ئوغرى بېيىماس،
تەمەخور تويىماس.

ئۆي دېسە مورىسى يوق،
باغ دېسە غورىسى يوق.

ئۆچكىنىڭ مويى تۈگىمەس،
بەڭگىنىڭ ئويى (تۈگىمەس).

ئىككى ئوۋچى بار يەردە توشقان قېچىپتۇ.

ئىت قاۋايدۇ، ھايان قەلەندەرنىڭ.

يازلىق قوغۇن تولاشماس،
تۇزسىز خېمىر قولاشماس.

يارەمچىڭ ياخشى بولسا، ئىشىڭ ئوڭغا تارتار.

يالغان ئىشتىن پايدا تاپساڭمۇ، ئاخىرى زىيان تارتىسەن.

ياۋاش كېيىك ئوۋچىغا ئۇچرار،
ھەۋەس خوتۇن نوچىغا (ئۇچرار).

يامانلىغان ئابدالنىڭ خۇرجۇنىغا زىيان.

يامان ئوغرى پاخال ئوغرىلار.

## «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»تىكى ماقال-تەمسىللەر

ئالىمچى ئارسلان، بەرىمچى سىچغان.
( ئېلىمچى ئارسلان، بېرىمچى چاشقان).

ئالىم كەچ قالسا ئاداقلا نۇر.
(ئېلىم كېچىكىپ قالسا ئاياغلىنۇر).

ئاغىز يەسە كۆز ئۇيادۇر.
( ئېغىز يېسە كۆز ئۇيىلار).

ئاغىلدا ئوغلاق تۇغسا، ئارىقدا ئوتى ئۇنەر.
(ئېغىلدا ئوغلاق تۇغۇلسا، ئېرىقتا ئوتى ئۈنەر).

ئالىن ئارسلان تۇتار، كۈچىن سىچغان تۇتماس.
( ھىيلە بىلەن ئارسلان تۇتىلار،
كۈچ بىلەن چاشقانمۇ تۇتۇلماس).

ئالىن ئارسلان تۇتار، كۈچىن ئۇيۇق تۇتماس.
(ھىيلە بىلەن ئارسلان تۇتىلار،
كۈچ بىلەن قارانچۇقمۇ تۇتۇلماس).

ئالپ ئەرنگ ياۋرىتما، ئىقىلاچ ئارقاسىن ياغرىتما.
( باتۇرلارنى خار قىلما،
يۈگۈرۈك ئاتنىڭ دۈمبىسىنى يېغىر قىلما).

ئالپ چەرىكدە، بىلگە تەرىكدە.
(باتۇر سەپتە سىنىلار،
دانا مۇنازىرىدە سىنىلار).

ئالپ ياغىدا، ئالچاق چوغىدا.
(باتۇر يېغىدا بىلىنەر،
خائىن جاڭجالدا بىلىنەر).

ئالپلار بىرلە ئۇرۇشما،
بەگلەر بىرلە تۇرۇشما.
( باتۇرلار بىلەن ئۇرۇشما،
بەگلەر بىلەن تۇتۇشما).

ئاناسى تەۋلۈگ يۈۋقا ياپار،
ئوغلى تەتىك قوشا قاپار.
( ئانىسى ھىيلىگەر يۇپقا ياپار،
ئوغلى زېرەك قوشلاپ ئالار).

ئانوق ئۈترۈ تۇتسا، يوققا سانماس.
(بارى ئالدىغا قويۇلسا، يوققا سانالماس).

ئاچ ئەۋەك، توق تۆلەك.
( ئاچ ئالدىراڭغۇ، توق تەمكىن).

ئاچىغلىغ ئەر شابۇك قارىماس.
( توق تۇرمۇشلۇق ئادەم تېز قېرىماس).

ئارى قافچىتسا ئىسرۇر.
( ھەرىنىڭ چىشىغا تەگسە چاقۇر).

ئارپاسىز ئات ئاشۇماس،
ئارقاسىز ئالپ چەرىك سىيۇماس.
(ئارپىسىز ئات قىر ئاشالماس،
ياردەمچىسىز باتۇر سەپنى يىمىرەلمەس).

ئارسلان قارىسا، سىچغان ئۆتىن كۇدەزۇر.
(ئارسلان قېرىسا، چاشقاننىڭ ئۇۋىسىنى پايلار).

ئارسلان كۆكرەسە ئات ئاداقى تۇشالىر.
( ئارسلان ھۆركىرىسە، ئات ئايىغى چۇشۇلەر).

ئات تەكۇزلىكى ئاي بولماس.
( ئات قاشقىسى ئاي بولماس.)

ئاتا ئوغلى ئاتاچ تۇغار.
( ئاتا ئوغلى ئاتىسىدەك تۇغۇلار).

ئاتا تونى ئوغۇلقا ياراسا، ئاتاسىن تىلەمەس.
( ئاتىسىنىڭ تونى ئوغلىغا يارىسا، ئاتىسىنى خالىماس).

ئاتان يۈكى ئاش بولسا، ئاچقا ئاز كۆرۈنۈر.
( ئاتان يۈكى ئاش بولسا، ئاچقا ئاز كۆرۈنەر).

ئاتاسى، ئاناسى ئاچىغ ئالمىلا يەسە،
ئوغلى، قىزى تىشى قامار.
(ئاتا ـ ئانىسى ئاچچىق ئالما يېسە، ئوغۇل ـ قىزىنىڭ چىشى قامار).

ئاتاسى ئاچىغ ئالمىلا يەسە، ئوغلىنىڭ تىشى قامار.
( ئاتىسى ئاچچىق ئالما يېسە، ئوغلىنىڭ چىشى قامار).

ئاۋچى نەچە ئال بىلسە، ئادىغ ئانچە يول بىلىر.
( ئوۋچى قانچە ھىيلە بىلسە، ئېيىقمۇ شۇنچە يول بىلەر).

ئاش تاتىقى تۇز، يوغرىن يەمەس.
( ئاشنىڭ تەمى تۇز بىلەن، لېكىن تۇزنى تەخسىلەپ يېگىلى بولماس).

ئاشىچ ئايۇر تۇپۇم ئالتۇن،
قامىچ ئايۇر مەن قايدامەن.
( قازان ئېيتۇر: تۇۋۇم ئالتۇن،
چۆمۈچ ئېيتۇر: مەن نەدىمەن؟)

ئاي تولۇن بولسا، ئەلكىن ئىملەمەس.
(تولۇن ئاي قول بىلەن كۆرسىتىلمەس).

ئازۇقلۇغ ئارۇق ئارماس.
(ئوزۇقلۇق ئادەم ھارماس.)

ئادىن كىشى نەگى نەك سانماس.
( ئۆزگە كىشىنىڭ مېلى مال سانالماس).

ئاچ نە يەمەس،
توق نە تەمەس.
(ئاچ نېمە يېمەس،
توق نېمە دېمەس).

ئاتاغقا ئۆپكەلەپ، سۈگە سۆزلەمەدۈك.
( ھەمراھلىرىغا ئاچچىقلاپ، قوشۇنغا گەپ قىلماپتۇ).

ئەلىك تۇتغىنچا، ئوت تۇت.
(كىپىل بولغۇچە، ئوت تۇت).

ئەمگەك ئەكىندە قالماس.
(ئەمگەك بىكار كەتمەس).

ئەمىكلىگ ئۇراغۇت كۆسەكچى بولۇر.
( ئېمىكلىك خوتۇن ئىشتىھالىق بولۇر).

ئەندىك ئۇما ئەۋلىكنى ئاغىرلار.
( ئەندىك مېھمان ئۆي ئىگىسىنى ھۆرمەتلەر).

ئەۋەك سىغەك سۈتكە تۇشۇر.
( ئالدىراقسان چىۋىن سۈتكە چۈشەر).

ئەل قالدى، تۆرۈ قالماس.
(يۇرت قالار، يوسۇن قالماس).

ئەدگۈلۈكنى سۈۋ ئاداقىندا كەمىش، باشىندا تىلە.
(ياخشىلىقنى سۇنىڭ ئايىغىغا تاشلا، بېشىدىن ئىزدە).

ئەدگۈ ئەر سۆڭۆكى ئەرىر، ئاتى قالىر.
( ياخشى ئادەمنىڭ سۆڭىكى چىرەر، نامى قالار).

ئەشيەك ئايۇر، باشىم بولسا
سۇندۇرىدا سۈۋ ئىچكەيمەن.
( ئېشەك: «بېشىم ئامان بولسا دېڭىزدىن سۇ ئىچىمەن»
دەيدىكەن).

ئەۋلىك تودغۇرسا، كۆزى يولقا بولۇر.
( ئۆي ئىگىسى مېھماننى تويدۇرسا، مېھماننىڭ كۆزى
يولدا بولۇر).

ئەۋدەكى بۇزاغۇ ئۆكۈز بولماس.
( ئۆيدىكى موزاي ئۆكۈز بولماس).

ئەتلى تىرڭاقلى ئەدىرمەس.
(ئەت تىرناقتىن ئايرىلماس).

ئەسەندە ئەۋەك يوق.
(ئېسەن ئادەمدە ئالدىراش يوق).

ئەرسەك ئەرگە تەگمەس،
ئەۋەك ئەۋگە تەگمەس.
( ئەرسىرىگەن ئەرگە تېگەلمەس،
ئالدىراڭغۇ ئۆيگە يېتەلمەس).

ئەرڭەنگە ئەلىك قارى بۆزۆن ئۆم تىكەمەس.
(بويتاقعا ئەللىك غېرىچ بۆزدىمۇ ئىشتان چىقماس).

ئەرمەگۆگە بۆلىت يۆك بولۆر.
(ئېرىنچەككە بۆلۆت كۆلەڭگىسى يۆك بولۆر).

ئەرمەگۆگە ئەشىك ئارت بولۆر.
( ئېرىنچەككە بوسۇغىمۇ داۋان كۆرۆنەر).

ئەركەچ ئەتى ئەم بولۆر،
ئەچكۆ ئەتى يەل بولۆر.
(ئەركەچ گۆشى ئەم بولۆر،
ئۆچكە گۆشى يەل بولۆر).

ئەرىك ئەرىنى ياغلىغ،
ئەرمەگۆ باشى قانلىغ.
( ئىشچاننىڭ لېۋى ياغلىق،
هۇرۇننىڭ بېشى قانلىق).

ئەرگە مۆڭ تەگىر،
تاغ سەڭىرىگە يەل تەگىر.
( ئادەمگە مۆڭ تېگەر،
تاغ سىڭىرىغا يەل تېگەر).

ئەردەمسىزدىن قۆت چەرتىلۆر.
( پەزىلەتسىزدىن قۆت كېتەر).

ئەردەم باشى تىل.
( ئەدەپنىڭ بېشى تىل).

ئەر سۆزى بىر، ئەدەر كۆكى ئۈچ.
( ئەرنىڭ سۆزى بىر، ئېگەرنىڭ كۆكى ئۈچ).

ئەر ئوغلى مۇڭدىماس،
ئىت ئوغلى كۈلەرمەس.
( ئادەم بالىسى مۇڭلىنىۋەرمەس،
ئىت بالىسى يېتىۋەرمەس).

ئەڭدۈز بولسا، ئات ئۆلمەس.
( ئەندىز بولسا، ئات ئۆلمەس).

بارچىن ياماغى بارچىنقا،
قارىش ياماغى قارىشقا.
( يىپەك ياماق يىپەك رەختكەئىشلىتىلەر،
يۇڭ ياماق يۇڭ رەختكە ئىشلىتىلەر).

بالىق سۆۋدا، كۆزى تاشتىن.
( بېلىقنىڭ ئۆزى سۇدا، كۆزى تاشقىرىدا).
بار باقىر، يوق ئالتۇن.
(بارىدا مىس، يوقىدا ئالتۇن).

بارىخ ئوترو تۇتسا، يوققا سانماس.
(بارنى ئوتتۇرىغا قويسا، يوق سانالماس).

بەش ئەرڭەك تۈز ئەرمەس.
( بەش بارماق تەكشى ئەمەس).

بور بولمادىپ، سىركە بولما.
( شاراب بولماي تۇرۇپ، سىركە بولما).

بوش نەڭگە ئىدى بولماس.
( بوش تۈرغان نەرسىگە ئىگە بولماس).

بوشلاغلانسا بوخسۇقلانۇر.
( بويۇنتاۋلىق قىلسا بوينى زەنجىرلىنەر).

بولداچى بۈزاغۇ ئۆكۈز ئارا بەلگۈلۈگ.
(ئۆي بولىدىغان كالا موزاي چېغىدىلا بەلگىلىك).

بۇغداي قاتىندا سارقاچ سۇۋلۇر.
( بۇغداينىڭ باھانىسىدە، قارىمۇق سۇ ئىچىپتۇ).

بۈزدان سۇۋ تامار.
( مۈزدىن سۇ تامار).

بۆرى قوشنىسىن يەمەس.
( بۆرە قوشنىسىنى يېمەس).

بۆرىنىڭ ئورتاق، قۇزغۇنۇڭ يىغاچ باشىندا.
( بۆرىنىڭ ئورتاق، قۇزغۇننىڭ دەرەخ بېشىدا).

بىر تىلكۇ تەرىسىن ئىكىلە سويماس.
( بىر تۈلكىنىڭ تېرىسى ئىككى قېتىم سويۇلماس).

بىر تويىن باشى ئاغرىسا،
قامۇغ تويىن باشى ئاغرىماس.
( بىر دەرۋىشنىڭ بېشى ئاغرىسا،
ھەممە دەرۋىشنىڭ بېشى ئاغرىماس).

بىرىن ـ بىرىن مىڭ بولۇر،
تاما ـ تاما كۆل بولۇر.
(بىرلەپ ـ بىرلەپ مىڭ بولۇر،
تاما ـ تاما كۆل بولۇر).

بىر قارغا بىرلە قىش كەلمەس.
( بىر قاغا بىلەن قىش كەلمەس).

بىلمىش يەك بىلمەدۈك كىشىدەن يەگ.
( بىلىملىك شەيتان بىلىمسىز كىشىدىن ياخشى).

پۈشماسار بوز قۇش تۇتار،
ئەۋمەسەر ئۈرۈك قۇش تۇتار.
(ئىچى پۈشمىسا بوز قۇش تۇتار،
ئالدىرىمىسا ئاق قۇش تۇتار).

پۈتۈن ئۆملۈگ قانچا قۇلسا ئولتۇرۇر.
( ئىشتىنى پۈتۈن خالىغان يېرىگە ئولتۇرۇر).

تامۇغ پۈغىن تاۋار ئاچار.
( دوزاخنىڭ ئىشىكىنى پارا ئاچار).

تاغىغ ئوقرۇقىن ئەگمەس،
تەڭىزنى قايغىقىن بۆگمەس.
( تاغنى ئوقرۇق بىلەن ئەگكىلى بولماس،
دېڭىزنى قېيىق بىلەن بۆككىلى بولماس).

تاغ تاغقا قاۋۇشماس، كىشى كىشىگە قاۋۇشۇر.
( تاغ تاغقا قوۋۇشماس، ئادەم ئادەمگە قوۋۇشار).

تاپۇغ تاش يارار،
تاش باشىغ يارار.
( خىزمەت تاشنى يارار،
تاش باشنى يارار).

تاز كەلىگى بۆركچىگە.
( تازنىڭ كېلىدىغان يېرى بۆكچىنىڭ دۇكىنى).

تاز ئات تاقارچى بولماس.
( چىپار ئات يۈك كۆتۈرەلمەس).

تاشىغ ئىسرۇماسا، ئۆپمىش كەرەك.
( تاشنى چاينىغىلى بولمىسا، سۆيگۈلۈك).

تاۋغاچ خاننىڭ تورقۇسى تەلىم،
تەڭلەمەدىپ پىچماس.
(تاۋغاچ خاننىڭ تورقىسى تولا،
ئۆلچىمەي پىچماس).

تاتسىز تۈرك بولماس،
باشسىز بۆرك بولماس.
(تاتسىز تۈرك بولماس،
باشسىز بۆك بولماس).

تاي ئاتاتسا ئات تىنۇر،
ئوغۇل ئەرەدسە ئاتا تىنۇر.

( تاي ئات بولسا ئات تىنۇر،
ئوغۇل ئەر بولسا ئاتا تىنۇر).

تاياق بىلە تايماس،
تانۇق سۆزۈن پۈتمەس.
(ھاسىسى بار تېيىلماس،
گۇۋاھچى سۆز بىلەن ئىشەنچ قازىنالماس).

تايغان يۈگرۈگىن تىلكۈ سەۋمەس.
( تايغاننىڭ يۈگۈرۈكىنى تۈلكە سۆيمەس).

تەزەك قاردا ياتماس،
ئەدگۈ ئەسىز قاتماس.
( تېزەك قاردا ياتماس،
ياخشى - يامان قېتىلماس).

تەشۈك سۈۋدا بەلگۈرەر.
( تۆشۈك سۇدا بىلىنەر).

تەۋە يۈك كۆتۈرسە، قامىچ يەمە كۆتۈرۈر.
( يۈكنى كۆتۈرگەن تۆگە چۆمۈچنىمۇ كۆتۈرەر).

تەۋە سىلكىنسە، ئەشەككە يۈك چىقار.
( تۆگە سىلكىنسە، ئېشەككە يۈك چىقار).

تەۋە بەدۈك ئەرسە ماياقى بەدۈك ئەرمەس.
(تۆگە چوڭ بولسىمۇ، مايىقى چوڭ بولماس).

تەڭسىزدە تەگىرمەن تۇرغۇرسا، ياراغسىزدا يار بارىر.
(ناباب جايغا تۈگمەن قۇرسا، كۆتمىگەندە يار كېتەر).

تەگمە كىشى ئۆز بولماس،
يات ياغۇق تۇز بولماس.
(ئۇچرىغانلا كىشى ئۆز بولماس،
يات بىلەن تۇغقان تەڭ بولماس).

تەلىم سۆزۈگ ئۇقسا بولماس،
يالىم قايا يىقسا بولماس.
( كۆپ سۆزنى چۈشەنگىلى بولماس،
تىك قىيانى يىقىتقىلى بولماس).

تەگىرمەندە تۇغمىش سىچغان كۆك
كۆكرەكىڭە قورقماس.
( تۈگمەندە تۇغۇلغان چاشقان ئاسماننىڭ
گۈلدۈرلىگىنىدىن قورقماس).

تويىن تاپۇغساق، تەڭرى سەفنچىسىز.
( تويىن تەڭرىگە تېۋىنار، لېكىن تەڭرى سۆيۈنمەس).

توقۇم يۇزۇپ قۇدرۇقتا پىچەك سىما.
( مالنى سويۇپ قۇيرۇقىغا بارغاندا پىچاقنى سۇندۇرۇپ
قويما).

تولۇم ئانۇتسا قۇلۇن بۇلۇر،
تولۇم ئۇنۇتسا بۇلۇن بۇلۇر.
( قورال تەييارلىسا قولۇنلۇق بولۇر،
قورالنى ئۇنۇتسا تۇتقۇن بولۇر).

تۇتۇشمەگىنچە تۇزۇلمەس،
تۇپىرمەگىنچە ئاچىلماس.
(تۇتۇشمىغۇچە ئارا تۇزەلمەس،
شامال چىقمىغۇچە ھاۋا ئېچىلماس).

تۇزۇن بىرلە ئۇرۇش، ئۇتۇن بىرلە تىرەشمە.
(ياۋاش بىلەن ئېيتىش، ئېغىرىكىنى كۆتۈرەر.
ئەسكى بىلەن تەڭ بولما، سېنى يەرگە قارىتار).

تۇتۇن قوپۇرسا ئىسلانۇر.
( كىم تۇتۇن چىقارسا، ئۇزى ئىسلىنۇر).

تۇنلە يورۇپ كۇندۇز سەۋنۇر،
كىچىكدە ئەۋلەنىپ ئۇلغادۇ سەۋنۇر.
( كېچىلەپ يۇرسە كۇندۇزى سۆيۇنەر،
كىچىك ئۆيلەنسە ياشانغاندا سۆيۇنەر).

تۇنلە بۇلىت ئۆرتەنسە،
ئەۋلۇك ئۇرى كەلدۇر مىشىپ بولۇر.
( تۇندە بۇلۇت ئۆرتەنسە،
خوتۇن ئوغۇل تۇغقاندەك بولۇر).

تۇنلە بۇلىت ئۆرتەنسە، ئەۋلۇك ئۇرى كەلدۇرمىشچە بولۇر،
تاڭدا بۇلىت ئۆرتەنسە، ئەۋگە ياغى كىرمىشچە بولۇر.
(تۇندە بۇلۇت ئۆرتەنسە، خوتۇن ئوغۇل تۇغقاندەك بولۇر،
تاڭدا بۇلۇت ئۆرتەنسە، ئۆيگە يېغا كىرگەندەك بولۇر).

تىلكۇ ئۆز ئىنىگە ئۇرسە، ئۇدۇز بولۇر.
(تۇلكە ئۆز ئىنىگە ھۇرسە، قوتۇر بولۇر).

تىلىن تۈگمىشنى تىشىن يازماس.
(تىل بىلەن تۈگۈلگەن چىش بىلەن يېشىلمەس).

تىلىن تەرگىگە تەگىر.
(تىل بىلەن نېمەتكە ئېرىشەر).

تىرىگ ئەسەن بولسا تاڭ ئۈكۈش كۆرۈر.
(جان ئېسەن بولسا، تاڭ قالارلىق ئىشلارنى كۆپ كۆرەر).

تىكمەگىنچە ئۈنمەس،
تىلەمەگىنچە بۇلماس.
( تىكمىگۈچە ئۈنمەس،
تىلىمىگۈچە تېپىلماس).

چاخشاق ئۈزە ئوت بولماس،
چاغراق بىلە ئۈۋۈت بولماس.
(چوخچا تاشتا ئوت بولماس،
تازچاقتا ئۈيات بولماس).

چاقسا تۈتنۈر، چالسا بىلىنۈر.
(چاقماق چېقىلسا ئوت تۈتىشۈر،
سۆز ئاڭلىتىلسا مەقسەت بىلىنۈر).

خان ئىشى بولسا، قاتۈن ئىشى قالىر.
(خاننىڭ ئىشى بولسا، خېنىمنىڭ ئىشى قالار).

ساقاق پىچار، ساقال ئوخشار،
( ساقالنى ئوينار، ساقاقنى پىچار).

ساپاندا ساندىرىش بولسا،
ئۆرتكۈندە ئىرتەش بولماس.
( ساپان ۋاقتىدا پۇختىلىق بولسا،
خامان ۋاقتىدا جاڭجال بولماس).

ساۋىن ساغراققا تەگىر.
( ياخشى سۆز قەدەھكە ئىگە قىلۇر).

ساچراتغۇدىن قورقمىش قۇش قىرىق
يىل ئادرى يىغاچ ئۇزە قونماس.
(ساچراتقۇدىن قورققان قۇش قىرىق
يىلغىچە ئاچا ياغاچقا قونماس).

سارتنىڭ ئازۇقى ئارىغ بولسا، يول ئۇزە يەر.
(سودىگەرنىڭ ئوزۇقى پاكىز بولسا، يول ئۇستىدە يەر).

سۇبۇزغاندا ئەۋ بولماس،
توپۇرغاندا ئاۋ بولماس.
(گۆرىستاندا ئۆي بولماس،
توپىلاڭدا ئوۋ بولماس).

سۇندىلاچ ئىشى ئەرمەس ئۆرتكۈن تەپمەڭ.
(خامان تەپمەك سۇندۇكنىڭ ئىشى ئەمەس).

سۇۋ ئىچۇرمەسكە سۇت بەر.
( سۇ بەرمەسكە سۇت بەر).

سۇۋ كۆرمەگىنچە ئەتۇك تارتما.
(سۇنى كۆرمىگۈچە ئۆتۈك سالما).

سۆگۈت سۆلىگە، قادىڭ قاسىڭا.
( سۆگەتكە ئەۋرىشىملىك، قېيىنغا قاتتىقلىق يارىشار).

سۆكۈشۈپ ئۇرشۇر، ئۇترا تون تىتىشۇر.
(سۆكۈشۈپ ئۇرۇشار، ئاردا تون تىتىلار).

سۆزگە سۈچىنسە بۇلۇن بارىر.
( سۆزگە سۆيۈنسە، تۇتقۇن بولۇر).

سۈسەگەن ئۇدقا تەڭرى مۈڭۈز بەرمەس.
(ئۈسكەك ئۇيغا تەڭرى مۈڭگۈز بەرمەس).

سىناماسا ئارسىقار،
ساقىنماسا ئۇتسۇقار.
( سىنىمىسا ئېزىقار،
ئويلانماي ئىش قىلسا ئۇتتۇرۇپ قويار).

قاز قوپسا، ئۆردەك كۆلىگ ئىگەنۈر.
(غاز كەتسە، ئۆردەك كۆلنى ئىگىلەر).

قاينار ئۆگۈز كەچىكسىز بولماس.
( قاينام دەريا كېچىكسىز بولماس).

قالىن قۇلان چۇفخاسىز بولماس.
(قۇلان پادىسى يول باشلىغۇچىسىز بولماس).

قالىن قاز قۇلاۋۇزسۇز بولماس.
( غاز توپى باشلامچىسىز بولماس).

قالسن بۇلۇتۇغ تۇپى سۇرەر،
قاراڭغۇ ئىشىغ ئۇرۇنچ ئاچار.
( قېلىن بۇلۇتنى بوران سۈرەر،
قاراڭغۇ ئىشنى پارا ئاچار).

قال ساۋى قالماس،
قاغىل باغى يازىلماس.
( قېرىلار سۆزى بىكار كەتمەس،
تال چىۋىق باغ يېشىلمەس).

قاغۇن قارما بولسا، ئىدىسى ئىككى ئەلكىن تەگىر.
( قوغۇن تالانسا، ئىگىسىمۇ ئىككى قولى بىلەن تالار).

قالىڭ بەرسە قىز ئالىر،
كەرەك بولسا قىز ئالىر.
(قالىڭ مال بەرسە قىز ئالار،
كېرەك بولسا قىممەتكە ئالار).

قانىغ قان بىلە يۇماس.
(قاننى قان بىلەن يۇغىلى بولماس).

قارى ئۆكۈز بالدۇقا قورقماس.
(قېرى ئۆكۈز پالتىدىن قورقماس).

قاڭداش قۇما ئۇرۇر،
ئىكدىش ئۆرۈ تارتار.
(قانداشلار چىقىشالماس،
قېرىنداشلار كۆيۈنۈشەر).

قارا بۆلمىغ يەل ئاچار،
ئۆرۈنچ بىلە ئەل ئاچار.
(قارا بۆلۈتنى يەل ئاچار،
ھۆكۈمەت ئىشىكىنى پارا ئاچار).

قاچىش بولسا قىيا كۆرمەس.
( قاچ - قاچ بولسا، ھېچكىم بىر - بىرىگە قارىماس).

قارا مۆڭ كەلمەگىنچە، قارا يالغا كەچمە.
(قارا كۈن كەلمىگۈچە قارا يالغا كەچمە).

قارغا قارىسىن كىم بىلىر،
كىشى ئالاسىن كىم تاپار.
( قاغىنىڭ قېرىسىنى كىم بىلەر،
كىشىنىڭ ئالىسىنى كىم تاپار).

قاداش تەمىش قايمادۇق، قادىن تەمىش قايمىش.
( قېرىنداش دېسە قارىمىغان، قۇدا دېسە قارار).

قارغا قازقا ئۆتكۈنسە پۇتى سىنۇر.
( قاغا غازنى دورىسا، پۇتى سۇنار).

قوش قىلىچ قىنقا سىغماس.
( قوش قىلىچ بىر قىنغا سىغماس).

قوۋى ئەر قۇدۇغقا كىرسە يەل ئالىر.
( بىتەلەي قۇدۇققا چۈشسە، شامال ئېلىپ چىقار).

قوناق باشى سەدرەكى يەگ.
( قوناق بېشىنىڭ سىيرەك بولغىنى ياخشى).

قورقمىش كىشىگە قوي باشى قوش كۆرۈنۇر.
( قورققان كىشىگە قوي بېشى قوش كۆرۈنەر).

قولداچىقا مىڭ ياغاق،
بارچا بىلە ئايرۇق تاياق.
(تىلەمچىگە بەر مىڭ ياڭاق،
تايانغىلى بەر تاياق).

قۇدۇغدا سۇۋ بار، ئىت بۇرنى تەگمەس.
( قۇدۇقتا سۇ بار، ئىت بۇرنى تەگمەس).

قۇرۇغ يىغاچ ئەگىلمەس،
قۇرمىش كىرىش تۇگۈلمەس.
(قۇرۇق ياغاچ ئېگىلمەس،
قۇرۇغان كىرىچ تۇگۈلمەس).

قۇزدا قار ئەكسۇمەس،
قويدا ياغ ئەكسۇمەس.
( تەسكەيدە قار ئۆكسۇمەس،
قويدا ياغ ئۆكسۇمەس).

قۇش تۇزاقتا مەڭ ئۇچۇن ئىلىنۇر.
( قۇش توزاقتا يەم ئۇچۇن ئىلىنەر).

قۇش قاناتىن،
ئەر ئاتىن.
( قۇش قانىتى بىلەن،
ئەر ئېتى بىلەن).

قۇش بالاسى قۇسىنچىغ،
ئىت بالاسى ئوخشانچىغ.
( قۇش بالىسى يىرگىنچلىك،
ئىت بالىسى يېقىملىق).

قۇتسۇز قۇدۇغقا كىرسە، قۇم ياغار.
(بەختسىز قۇدۇققا چۈشسە، قۇم ياغار).

قۇتلۇغقا قوشا ياغار.
( تەلەيلىككە قوش كېلەر).

قۇت بەلگۈسى بىلىك.
(بەخت بەلگىسى بىلىم).

قۇرتغا بۇدىك بىلمەس، يەرىم تار تەر.
( موماي ئۇسسۇل بىلمەس، يېرىم تار دەر).

قۇرۇق قاشۇق ئاغىزقا ياراماس،
قۇرۇق سۆز قۇلاققا ياقىشماس.
(قۇرۇق قوشۇق ئېغىزغا يارىماس،
قۇرۇق سۆز قۇلاققا ياقماس).

قۇرمىش كىرىش تۇگۇلمەس،
ئوقروقۇن تاغ ئەگىلمەس.
( قۇرۇلغان كىرىچ تۇگۇلمەس،
سالما بىلەن تاغ ئېگىلمەس).

قۇلان قۇدۇغقا تۇشسە، قۇرباقا ئايغىر بولۇر.
(قۇلان قۇدۇققا چۈشسە، پاقا ئايغىر بولۇر).

قۇلاق ئەشتىسە كۆڭۈل بىلىر،
كۆز كۆرسە ئۈدىك كەلىر.
(قۇلاق ئىشىتسە كۆڭۈل بىلەر،
كۆز كۆرسە ھەۋەس كېلۇر).

قۇل ياغى، ئىت بۆرى.
( قۇل يېغا، ئىت بۆرە).

قىلىچ تاتىقسا ئىش يۇنچىر،
ئەر تاتىقسا ئەت تۇنچىر.
( قىلىچ داتلاشسا ئىش بۇزۇلىدۇ،
ئادەم داتلاشسا ۋۇجۇدى بولغىنىدۇ).

قىلىنۇ بىلسە قىزىل كەدەر،
يارانۇ بىلسە ياشىل كەدەر.
( قىلىقلىناي دېسە قىزىل كىيەر،
ياراي دېسە يېشىل كىيەر).

قىرىق يىلقا تەگىن باي چىغاي تۇزلىنۇر.
( قىرىق يىلدا باي بىلەن كەمبەغەل تەڭلىشۇر).

قىش قونۇقى ئوت.
(قىشنىڭ زىياپىتى ئوت).

قىز كىشى ساۋى يورىغلى بولماس.
( بېخىل كىشىنىڭ داڭقى چىقماس).

قىز بىرلە كۆرەشمە،
قىسراق بىرلە يارىشما.

(قىز بىلەن چىلىشما،
قىسىر بايتال بىلەن چېپىشما).

كەڭ تون ئۈپراماس،
كەڭەشلىگ بىلىك ئارتاماس.
( كەڭ تون ئۈپرىماس،
كېڭەشلىك ئىش بۇزۇلماس).

كەدۈگلۈگ ئۆلىمەس،
كۈفەچلىگ كۆرىمەس.
(يېپىنچىلىق هۆل بولماس،
ئېغىزدۇرۇقلۇق چاپچىيالماس).

كەرىش ياغىرى ئوغۇلقا قالىر.
(گەجگە يېغىرى ئوغۇلغا قالار).

كەڭەشلىگ بىلىك ئۇدرەشۇر،
كەڭەشسىز بىلىگ ئۈپراشۇر.
( كېڭەشلىك ئىش ئۇزلىشار،
كېڭەشسىز ئىش بۇزۇلار).

كەڭ كۆردى، كەرەگۈ يۇدتى.
(شۈنچىلىك جاپا تارتتىكى، هەتتا كىگىز ئۆيىنى ئۆزى
يۇدۇپ ماڭىدىغان هالغا يەتتى).

كۆنى بارىر كەيىكنىڭ كۆزىندە ئادىن باشى يوق.
(توغرا كەتكەن كېيىكنىڭ كۆزدىن باشقا يارىسى يوق).

كۆكگە ساغۇرسا، يۇزگە تۇشۇر.
(كۆككە تۇكۇرسە يۈزگە چۈشەر).

كۆك تەمۇر كەرۇ تۇرماس.
(كۆك تۆمۇر بىكار تۇرماس،
تەگكەن يېرىنى يارىلايدۇر).

كۆزدەن يىراسا، كۆڭۈلدەن يەمە يىرار.
( كۆزدىن يىراق ـــ كۆڭۈلدىن يىراق).

كۆزەگۇ ئۇزۇن بولسا، ئەلىك كۆيمەس.
(كۆسەي ئۇزۇن بولسا، قول كۆيمەس).

كۆپ سۇگۇتكە قۇش قونار،
كۆركلۇگ كىشىگە سۆز كەلىر.
( بۇك ـ باراقسان سۆگەتكە قۇش قونار،
چىرايلىق قىزغا سۆز كېلەر).

كۇمۇش كۇنگە ئۇرسا، ئالتۇن ئاداقىن كەلىر.
( كۇمۇش كۇنگە قونسا،
ئالتۇن ئۆز ئايىغى بىلەن كېلۇر).

كۇز كەلىگى يازىن بەلگۇرەر.
( كۇزنىڭ كېلىشى يازدىن بەلگىلىنۇر).

كۇز كەلىگى ياپىن بەلگۇلۇگ.
( كۇزنىڭ كېلىشى ئەتىيازدىن بەلگىلىك).

كۆچ ئەلدىن كىرسە، تۆرۈ تۆشۈكتەن چىقار.
( زورلۇق ـ زومبۇلۇق ئىشىكتىن كىرسە،
ئىنساپ ۋە يوسۇن تۈڭلۈكتىن چىقار).

كۆنىنىڭ كۆلىنە تەگۈ ياغى.
(كۈنداشىنىڭ كۆلىگىچە دۈشمەن).

كۆنگە باقسا، كۆز قامار.
(كۈنگە باقسا، كۆز قامىشار).

كۆندە ئەرۈك يوق،
بەگدە قىيىق يوق.
(كۈندە يېرىق يوق،
بەگدە يېنىۋېلىش يوق).

كۆل ئۈرگۈنچە كۆز ئۈرسە يەگ.
(كۆل پۈۋلىگۈچە چوغ پۈۋلىگەن تۈزۈك).

كىزلەنچۈ كەلىندە.
(يوشۇرۇلغان نەرسە كېلىندە ).

كىزدەكى كىن يىپار.
(قۇتىدىكى كىندىك ئىپار).

كىشى سۆزلەشۈ،
يىلقى يىدلاشۇ.
( كىشى سۆزلىشىپ تېپىشار،
يىلقا ھىدلىشىپ تېپىشار).

كىشى ئەتى تىرىگلە تاتىر.
( ئىنساننىڭ ئېتى تىرىكلىكىدە تاتلىق).

كىشى ئالاسى ئىچتىن،
يىلقى ئالاسى تاشتىن.
( ئادەمنىڭ ئالىسى ئىچىدە،
هايۋاننىڭ ئالىسى تېشىدا).

كىچىكدە قاتىغلانسا، ئۇلغادۇ سەۋنۇر.
( كىچىكىدە قېتىرقىنسا، ئۇلغايغاندا سۆيۈنەر).
كىچىك ئۇلۇغقا تۇرۇشماس،
قىرغۇي سۇڭقۇرقا قارىشماس.
(كىچىك چوڭغا تەڭ تۇرالماس،
قۇرغۇي شۇڭقارغا قارشى چىقالماس).

كىم كۇر بولسا، كۆۋەز بولۇر.
(كىم جەسۇر بولسا، مەغرۇر بولۇر).

مۇش ياقرىقا تەگىشمەس،
ئايۇر كىشى نەڭى ياراشماس.
( مۇشۇك قوزۇقتىكى ياغقا تېگەلمەي،
كىشىنىڭ مېلى ياراشماس دەر).

مۇش ئوغلى مۇياۋۇ تۇغار.
( مۇشۇك بالىسى مىياۋلاپ تۇغۇلار).

نەچەمە ئۇپراق كەدۇك ئەرسە، ياغمۇرقا يارار.
( چاپان قانچە كونا بولسىمۇ، يامغۇرغا يارار).

نەچە يىتىنگ پىچەك ئەرسە، ئۆز سابىن يونۇماس.
( پىچاق ھەرقانچە ئىتتىك بولسىمۇ،
ئۆز سىپىنى يونۇيالماس).

نەچە مۇندۇز ئەرسە ئەش ئەدگۈ،
نەچە ئەگرى ئەرسە يول ئەدگۈ.
( ھەرقانچە ئەخمەق بولسىمۇ، ھەمراھ ياخشى،
ھەرقانچە ئەگرى بولسىمۇ يول ياخشى).

ئوتۇغ ئودغۇچ بىرلە ئۆچۈرمەس.
( ئوتنى يالقۇن بىلەن ئۆچۈرگىلى بولماس).

ئوت تۇتۇنسىز بولماس،
يىگىت يازۇقسۇز بولماس.
( ئوت تۇتۇنسىز بولماس،
يىگىت گۇناھسىز بولماس).

ئوت تەسە، ئاغىز كۆيمەس.
( ئوت دېگەنگە ئېغىز كۆيمەس).

ئورتاق ئەردەن ئارتۇق ئالماس.
( ئورتاق ئۆز ئورتىقىدىن ئارتۇق ئالماس).

ئول كەچىشنى سۇۋ ئەلەتتى.
( ئۇ كېچىكنى سۇ ئېلىپ كەتتى).

ئوغلان سۇۋ تۆكەر،
ئۇلۇغ يانى سىنۇر.

(بالا سۇ تۆكەر،
چوڭنىڭ يانپېشى سۇنار).

ئوغلان ئىشى ئىش بولماس،
ئوغلاق مۈڭزى ساپ بولماس.
(بالىنىڭ ئىشى ئىش بولماس،
ئوغلاق مۈڭگۈزى ساپ بولماس).

ئوغلاق يىلىكسىز،
ئوغلان بىلىكسىز.
(ئوغلاق يىلىكسىز،
بالا بىلىمسىز).

ئوسۇقمىشقا ساقىغ قامۇغ سۇۋ كۆرۈنۈر.
( ئۇسسىغانغا ئالۋۇن پۈتۈنلەي سۇ كۆرۈنەر).

ئۈيغۇر يىغاچ ئۈزۈن كەس،
تەمۈر قىسقا كەس.
( ھەي ئۈيغۇر، ياغاچ كەسسەڭ ئۇزۇن كەس،
تۆمۈر كەسسەڭ قىسقا كەس).

ئۇلا بولسا يول ئازماس،
بىلىك بولسا سۆز يازماس.
( بەلگە بولسا يولدىن ئازماس،
بىلىم بولسا سۆزدىن قايماس).

ئۇلۇغنى ئۇلۇغلاسا قۇت بۇلۇر.
(ئۇلۇغنى ئۇلۇغلىسا، بەخت تاپار).

ئۇلۇق ياغىرى ئوغۇلقا قالىر.
(ئۇچا يېغىرى ئوغۇلغا قالار).

ئۇما كەلسە قۇت كەلىر.
(مېھمان كەلسە قۇت كېلەر).

ئۇمايقا تاپىنسا ئوغۇل بولۇر.
(ئەشكە تېۋىنسا، ئوغۇل تاپا).

ئۇپراق ياسىقدىن توزلۇغ يا چىقار.
( ئۇپرىغان يا قېپىدىن مەزمۇت يا چىقار).

ئۇرى قوپسا ئوغۇش ئاقلىشۇر،
ياغى كەلسە ئىمرەم تەبرەشۇر.
(سۇرەن چىقسا ئۇرۇق - تۇغقان جەملىشەر،
يېغا كەلسە خەلق توپى تەۋرىشەر).

ئۇس ئۇشكۇرسە ئۆلۇر.
( تاپقۇش ئىسقىرتسا، ئۆلۇم چىقار).

ئۆدلەك قارىتمىشقا بودۇغ تالقىماس.
( زامانە قېرىتقانغا بوياق ئەيىب ئەمەس).

ئۆز كۆز، ئەر قىشلاغ.
( ئۆز ئىشىغا پۇختا بولغان ئادەم قىشلاقتا ئىگە بولغان ئادەمگە ئوخشار).

ئۆتلۇگ يىنچۇ يەردە قالماس.
( تۆشۇك ئۈنچە يەردە قالماس).

ئۆلۈگ يۈزى تۈملۈغ.
( ئۆلۈكنىڭ يۈزى سوغۇق).

ئۆلدەچى سىچغان مۈش تاشاقى قاشىر.
( ئۆلگۈسى كەلگەن چاشقان مۈشۈكنىڭ تاشىقىنى قاشلار).

ئۆكۈز ئاغىز ئاداقى بولغىنچا،
بۈزاغۇ باشى بولسا يەگ.
( ئۆكۈزنىڭ پۈتى بولغۇچە،
موزاينىڭ بېشى بولغان ياخشى).

ئۆگۈنگۈچى ئۆمىندە ئارتاتۇر.
( ماختانچاق ئىشتىنىنى بۇلغار).

ئۆد كەچەر، كىشى تۈيماس،
يالىڭۇق ئوغلى مەڭگۈ قالماس.
( زامان ئۆتەر، كىشى تۈيماس،
ئادەم بالىسى مەڭگۈ قالماس).

ئۈكۈش سەۋىنچ بولسا، قاتىغ ئوخسۇنۇر.
( كۆپ سۆيۈنۈپ كەتسە، قاتتىق ئۆكۈنەر).

ئېگىر بولسا، ئەر ئۆلمەس.
(ئېگىز بولسا، ئەر ئۆلمەس).

ئىت ئىسىرماس،
ئات تەپمەس تەمە.

( ئىت چىشلىمەس،
ئات تەپمەس دېمە).

ئىزلىك بولسا ئەر ئۆلدىماس،
ئىچلىك بولسا ئات ياغرىماس.
( چورۇق بولسا ئادەم ئۆلدىماس،
ئىچلىك بولسا ئات يېغىر بولماس).

ئىنگەن ئىگراسا، بۇتۇ بوزلار.
( ھىنگان ئىگرىسا، بوتا بوزلار).

ئىم بىلسە، ئەر ئۆلمەس.
(ئىم بىلسە، ئەر ئۆلمەس).

ئىكى بۇغرا ئىكەشۇر،
ئوترا كۆكەگۈن يانچىلار.
(ئىككى بۇغرا ئىكىشەر،
ئارىدا كۆكۈيۈن يانچىلار).

ئىكى قوچىڭار باشى بىر ئەشەچتە پىشماس.
(ئىككى قوچقارنىڭ بېشى بىر قازاندا پىشماس).

ئىگلىگ تۇترۇغى ئاد بولۇر.
(ئاغرىقنىڭ ۋەسىيىتى ياخشىلىقنىڭ ئالامىتىدۇر).

ئىش ياراغىندا، سارت ئاسىغىندا.
(ئىش پەيتىگە باقىدۇ، سودىگەر پايدىغا).

ئىتقا ئۈۋۈت ئەتسە، ئۆلداڭ يەمەس.
(ئىتقا ئۆيات كىرسە، ئۆلتاڭ يېمەس).

ئىت چاقىرى ئاتقا تەگىر، ئات چاقىرى
ئىتقا تەگمەس.
( چېقىر كۆز ئىت ئاتقا باراۋەر، چېقىر كۆز ئات
ئىتقا باراۋەر ئەمەس).

يالقسا يەمە ياغ ئەدگۈ،
كۆيسە يەمە كۈن ئەدگۈ.
(يېقىلسىمۇ ياغ ياخشى،
كۆيدۈرسىمۇ كۈن ياخشى).

يالىڭۇق ئۇرۇلمىش قاپ ئول، ئاغزى يازۇلىپ ئالقىنۇر.
(ئادەم بالىسى كۆپكەن تۇلۇمغا ئوخشار،
ئاغزى يېزىلسا يېلى چىقىپ بوشار).

يالىڭۇق ئوغلى مۇنسۇز بولماس.
(ئادەم بالىسى ئەيىبسىز بولماس).

يالىڭۇق مەڭگۈ تىرىلمەس،
سىنقا كىرۇپ كەرۇ يانماس.
( كىشى مەڭگۈ ياشىماس،
گۆرگە كىرسە ئارقىغا يانماس).

ياقىرى ياغى ياغسىماس.
(چاۋا ياغ سۇ يېغىنىڭ ئورنىنى باسالماس).

ياقاداقى يالغاغالى ئەلكىدەكى ئىچغىنۇر.
( ياقىسىدىكىنى يالايمەن دەپ قولىدىكىدىن ئايرىلىپتۇ).

ياغىنىڭ ئەرسە كەرەك يۇنداقى تەگىر.
( دۈشمىنىڭنىڭ بولسىمۇ مېلى بولسۇن،
ئۇنىڭدىن ساڭا تېزەك بولسىمۇ قالار).

ياغىنى ئاشاقلاسا، باشقا چىقار.
( دۈشمەنگە سەل قارىسا، باشقا چىقار).

ياداغ ئاتى چارۇق كۈچى ئازۇق.
( ياياقنىڭ ئېتى چورۇق، كۈچى ئوزۇق).

يازماس ئاتىم ياغمۇر،
ياڭىلماس بىلگە ياڭقۇ.
( ئازماس مەرگەن يامغۇر،
يېڭىلمەس ئالىم ئەكس سادا).

يازماس ئاتىم بولماس،
ياڭىلماس بىلگە بولماس.
(خاتالاشمايدىغان ئوۋچى بولماس،
يېڭىلمەيدىغان دانىشمەن بولماس).

ياۋلاق تىلىلىغ بەگدەن كەرۈ، يالىڭوس تۆل يەگ.
( تىلى يامان ئەردىن يالغۇز تۇللۇق ياخشى).

ياش ئوت كۆيمەس،
يالافار ئۆلمەس.

( ياش ئوت كۆيمەس،
ئەلچى ئۆلمەس).

يازىدا بۆرى ئۇلىسا، ئەۋدە ئىت باغرى تارتىشۇر.
(دالىدا بۆرە هۇۋلىسا، ئۆيدە ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىپ ئىتنىڭ
باغرى تارتىشۇر).

ياتنىڭ ياغلىغ تەكۇسىندەن ئۆزنۇڭ قانلىغ يۇدرۇق يەگ.
(ياتنىڭ ياغلىق لوقمىسىدىن ئۆزنىڭ قانلىق مۇشتى ياخشى).

يارىن بۇلغانسا، ئەل بۇلغانۇر.
(تاغاق سۆڭىكى بۇلغانسا،
يۇرتتا پاراكەندىچىلىك بولۇر).

يالڭۇس قاز ئۆتمەس.
( يالغۇز غازنىڭ ئاۋازى چىقماس).

يالىڭوق ئوغلى يوقادۇر، ئەدگۇ ئاتى قالىر.
(ئادەم بالىسى يوقىلار،
ياخشى ئېتى قالار).

يازىن قاتىغلانسا، قىشىن سەۋنۇر.
( يازدا تىرىشسا، قىشتا سۆيۈنەر).

يازىداقى سۇۋلىن ئەدەرگەلى ئەۋدەكى تاقىغۇ ئىچغىنما.
( تۇزلەڭدىكى قىرغاۋۇلنى ئوۋلايمەن دەپ،
ئۆيدىكى توخۇيۇڭدىن ئايرىلىپ قالما).

يەر باسروقى تاغ،
بودۇن باسروقى بەگ.
(يەر باستۇرۇقى تاغ،
خەلق باستۇرۇقى بەگ).
يۇزگە كۆرمە، ئەردەم تىلە.
( يۇزىگە قارىما، ئەردىمىنى تىلە).

يىتۇكلىگ ئاناسى قويۇن ئاچار.
( نەرسە يوقاتقان بالا ئانىسىنىڭ قوينىنىمۇ ئاختۇرار).

يىغاچ ئۇچىگە يەل تېگەر،
كۆركلوگ كىشىگە سۆز كەلىر.
( دەرەخ ئۇچىغا يەل تېگەر،
چىرايلىق قىزغا سۆز كېلەر).

يىلان كەندۇ ئەگرىسىن بىلمەس، تەۋى بوينىن ئەگرى تەر.
( يىلان ئۆزىنىڭ ئەگرىلىكىنى بىلمەس،
تۆگە بوينىنى ئەگرى دەر).

يىپارلىغ كەسۇرگۇدىن يىپار كەتسە يىدى قالىر.
(ئىپارلىق خالتىدىن ئىپار كەتسە ھىدى قالار).

ئەسكەرتمە:
«دىۋانۇ لۇغاتىت تۇرك»تىكى ماقال ـ تەمسىللەرنىڭ ئەسلىي ئوقۇلۇشىنى ئۇيغۇر كونا يېزى-
قى بىلەن ئەكس ئەتتۇرۇشتە، ترانسكرىپسىيە بەلگىسى «Z» «ز» بىلەن، «Ż» «د» بىلەن ئىپادىلەندى.

Document generated by Anna’s Archive around 2023-2024 as part of the DuXiu collection (https://annas-blog.org/duxiu-exclusive.html).

Images have been losslessly embedded. Information about the original file can be found in PDF attachments. Some stats (more in the PDF attachments):
{
"filename": "NDAyMDk5NjAuemlw",
"filename_decoded": "40209960.zip",
"filesize": 22490733,
"md5": "6010888d4d51c7570a0d8bd04ccf45d4",
"header_md5": "a305518ed8d37a34a51d878bdebd77a2",
"sha1": "21059f5573d00ffc3f641fdcf86104fb39d02872",
"sha256": "ebb0bd6efb44a2a3d4632c5d3451c91fe6c1ee7a3d9b87a1f18a4dd86bd46a6f",
"crc32": 2782628481,
"zip_password": "",
"uncompressed_size": 24035371,
"pdg_dir_name": "\u256c\u00bc\u256c\u00df\u2562\u221a\u251c\u00b1\u255d\u03a3\u2564\u03a6\u2559\u2229\u2567\u252c\u2593\u00df \u256c\u00bc\u256c\u00df\u2562\u221a\u256c\u2500_40209960",
"pdg_main_pages_found": 408,
"pdg_main_pages_max": 408,
"total_pages": 415,
"total_pixels": 1584297216,
"pdf_generation_missing_pages": false
}